# ئىزدىنىش

(تاللانما)

6

1998

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

1998-يىل 6-سان
(ئومۇمىي 120-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنىغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1998-يىللىق 7-، 8-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

## مۇندەرىجە

**دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرەيلى** ...................................... **خۇ جىنتاۋ** (2)

**ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ جۇڭگوچە يولىنى تېپىپ چىقايلى** .......... **زۇ جياخۇا** (22)

**باش ماقالە: يېڭى ئەسىرگە قاراپ چوڭ قەدەم تاشلايلى**
—9-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1-يىغىنى ۋە 9-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 1-يىغىنىنىڭ بېيپىلغانلىقىنى تەبرىكلەيمىز ........................ (32)

**پارلاق بەش يىل**
—ئېلىمىزنىڭ 1993-يىلدىن 1997-يىلغىچە ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ................................ **شاۋ زۇڭمىڭ** (37)

قانداق قىلغاندا پاي تۈزۈمىنى توغرا تونۇغىلى بولىدۇ ................................ **لى ئەيمىن** (46)

**★6-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا بېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋەكالەتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)

# دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرەيلى*

خۇ جىنتاۋ

پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىدا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشىمىز لازىم، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ يېڭى تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، پۈتۈن پارتىيىنىڭ، ئالدى بىلەن ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈش، چىرىتىشنى توسۇش، ئۆزگىرىشنى ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى داۋاملىق كۈچەيتىش كېرەك. مۇشۇ "بىرنى ئۆستۈرۈش، بىرنى كۈچەيتىش"نى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئەڭ مۇھىمى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن، بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن مېڭىمىزنى قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ماركسىزم نەزەرىيىسى ئەمەلىيەتتىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنىڭ ئىلمىي يەكۈنى ۋە ئۇنىڭ يۈكسىلىشى. بىزنىڭ نەزەرىيىنى ئۆگىنىش ۋە ئىگىلەشتىكى تۈپ مەقسىتىمىز ئۇنى تەتبىقلاش، نەزەرىيىنى يېتەكچى قىلىپ دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىش ئەمەلىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دېگەنىدى: نەزەرىيە جەھەتتە پىشىپ يېتىلىشىنىڭ ئۆزى سىياسىي جەھەتتە پىشىپ يېتىلىشىنىڭ ئاساسى. ئۇ يېقىندا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى ياخشى بىرلەشتۈرۈش-بىرلەشتۈرەلمەسلىك نەزەرىيە جەھەتتە ۋە سىياسىي جەھەتتە پىشىپ يېتىلگەن-يېتىلمىگەنلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر. بۇ ئىككى جۈملە سۆز ئىنتايىن مۇھىم، ئۇلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. يولداشلار پارتىيە مەكتىپىدىكى ئۆگىنىش مەزگىلىدە چوقۇم قەتئىي نىيەتكە كېلىپ قېتىرقىنىپ

---

* بۇ ماقالە يولداش خۇ جىنتاۋنىڭ 1998-يىل 3-ئاينىڭ 2-كۈنى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئەتىيازلىق ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆزىنىڭ قىسقارتىلمىسى.

نەزەرىيىنى ئۆگىنىپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت بۇ جەۋھەرنى مەھكەم ئىگىلەپ، ”سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك“ دېگەن بۇ تۈپ مەسىلىنى چىڭ تۇتۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى مۇكەممەل، توغرا ئىگىلەپ، ئۇنىڭدىكى ئاساسلىق نۇقتىئىنەزەرلەرنى سىستېمىلىق ئۆگىنىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، چوقۇم نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، نەزەرىيىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە توغرا ئىگىلەش ئىقتىدارىنى، ئەمەلىي تەجرىبىلەر ئۈستىدە نەزەرىيە جەھەتتىن پىكىر يۈرگۈزۈش، رېئال مەسىلىلەرگە توغرا جاۋاب بېرىش ۋە ئۇنى توغرا ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى، ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىش، پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى ئاڭلىق كۈچەيتىش ئىقتىدارىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئۆز زىممىسىدىكى تارىخىي ۋەزىپىنى تېخىمۇ ئوبدان ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. تۆۋەندە ئۈچ تۈرلۈك پىكرىمنى سۆزلەپ ئۆتمەكچىمەن.

## بىرىنچى، خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئىچكى ۋەزىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ نەزەرىيىنى ئۆگىنىپ، مېڭىمىزنى باشتىن-ئاخىر سەگەك تۇتۇشىمىز، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان روھىي ھالىتىمىزنى باشتىن-ئاخىر ساقلاپ قېلىشىمىز كېرەك

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى، ماركسىزم ئاساسىي پرىنسىپلىرىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا بىزنىڭ دەۋر ئالاھىدىلىكىنى توغرا تونۇپ، خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئىچكى ۋەزىيەتنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئوبدان ئىگىلىشىمىزنىڭ ئىلمىي قىبلىنامىسى. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» دىكى ۋەزىيەتكە ئالاقىدار بولغان نۇرغۇن مۇپەسسەل بايانلار، نۇرغۇن يېڭى كۆزقاراشلار، يېڭى ھۆكۈملەر دەل ۋەزىيەتنى ئىلمىي تەھلىل قىلىش ئاساسىغا ئورنىتىلغان. بولۇپمۇ ھالقىلىق پەيتلەردە، يولداش دېڭ شياپىڭ ھەمىشە ماركسىزمچىغا خاس كەڭ نەزەر دائىرىسى ۋە ئۆتكۈر كۆزىتىش ئىقتىدارى بىلەن ۋەزىيەتكە ھۆكۈم قىلىپ، پۈتۈن پارتىيىگە توغرا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنىڭ پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازىنالىشى، خەلقئارا ۋەزىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى سىياسىي ۋەقەنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلىشى، ھەمدە ئالغا

ئىلگىرىلەش داۋامىدا جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە تولۇشى، ئەڭ تۈپ ئاساسىدىن ئېيتقاندا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكى بولغانلىقىدىن، پارتىيىمىزنىڭ بۇ ئىلمىي نەزەرىيىدىن پايدىلىنىپ ۋەزىيەتنى توغرا تەھلىل قىلىپ ۋە توغرا ھۆكۈم قىلىپ، تۈرلۈك توسالغۇلارنى قەتئىي چىقىرىپ تاشلاپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، توغرا يولنى بويلاپ قەتئىي بوشاشماستىن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكىدىندۇر. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگەنگەن ۋاقىتتا، نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىگە سىڭگەن روشەن دەۋر روھىنى چوقۇم ئەستايىدىل ئۆزلەشتۈرۈپ، ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ ۋە بۈگۈنكى دۇنيانىڭ تەرەققىي قىلىپ ۋە ئۆزگىرىۋاتقان ۋەزىيىتىنى ۋە ئومۇمىيىتىنى ئىگىلەشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك. ۋەزىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ نەزەرىيىنى ئۆگىنىش، نەزەرىيىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ۋەزىيەتنى توغرا تونۇش ۋە توغرا ئىگىلەش—بۇ، يولداشلىرىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنى پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلىرىنى توغرا چۈشىنىشى ۋە ئىزچىل ئىجرا قىلىشىنىڭ تۈپ ئالدىنقى شەرتىدۇر.

ئەسىر ئالمىشىش ئالدىدا پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز دۇچ كېلىۋاتقان ۋەزىيەتنى 15-قۇرۇلتاي ئومۇميۈزلۈك يىغىنچاقلىدى. مەركەز يېقىندا چاقىرغان بىرنەچچە قېتىملىق مۇھىم يىغىنلاردا يولداش جياڭ زېمىن بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەھلىل يۈرگۈزدى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا نىسبەتەن پايدىلىق.

نۆۋەتتە، خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتتە مۇھىم ھەم چوڭقۇر يېڭى ئۆزگىرىش يۈز بەرمەكتە. گەرچە زومىگەرلىك، زوراۋانلىق سىياسىتى دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا تەھدىت سېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما تىنچلىق بىلەن تەرەققىيات يەنىلا ھازىرقى دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ تۇرماقتا. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى: (1) دۇنيا قۇرۇلمىسى كۆپ قۇتۇپلىشىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىش يۈزلىنىشى تېخىمۇ روشەنلەشتى، ھەرقايسى قاتلاملاردا ۋە ساھەلەردە يېڭى تەرەققىياتلار بارلىققا كېلىۋاتىدۇ. بۇ ھال مەملىكىتىمىزنى مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان خەلقئارا مۇھىتتا تېخىمۇ زور ھەرىكەت بوشلۇقىغا ئىگە قىلدى. (2) يېڭى ئەسىرگە يۈزلىنىۋاتقان ئەھۋالدا، چوڭ دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ تەڭشىلىشى كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان يېڭى باسقۇچقا كىردى، رەھبەرلەرنىڭ ئالاقىسى قويۇقلاشتى، چوڭ دۆلەتلەر ئارا مەزمۇنى ئوخشاش بولمىغان ”ئىستراتېگىيىلىك مۇناسىۋەتتى“ ۋە ”ھەمراھلىق مۇناسىۋەتتى“ ئورنىتىلدى. بۇ تەڭشىلىشتە، گەرچە چىگىش-مۇرەككەپ زىددىيەت مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن دۆلىتىمىز يەنىلا بىرقەدەر تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرماقتا. (3) ھەممە دۆلەتلەر ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى يېڭى ئەسىرگە قەدەم تاشلاشتىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە قىلىۋاتىدۇ، خەلقئارا ئىقتىسادىي ئالاقە كۈندىن-كۈنگە چوڭقۇرلىشىۋاتىدۇ، رىقابەتمۇ بارغانسېرى كەسكىنلىشىۋاتىدۇ. دۆلىتىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ھەم بېسىم، ھەم پۇرسەتتۇر. (4)

پەن-تېخنىكا ئىنقىلابى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، دۇنيا ئىقتىسادىنى ئۇچۇر دەۋرىگە ئېلىپ كىردى، بۇ ھال ئىقتىسادىي، سىياسىي قۇرۇلمىغا ۋە ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىۋاتىدۇ. بىز ھەسسىلەپ تىرىشىپ بۇ مۇسابىقىنى كۈتۈۋېلىشىمىز كېرەك. (5) كەڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت كۈچى ئېشىپ، خەلقئارا ئورنى ۋە رولى يەنىمۇ كۈچەيدى. بۇ يۈزلىنىشنىڭ تەرەققىياتى ئۇزاقتىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئايرىم چوڭ دۆلەتلەر دۇنيا ئىشلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئەھۋالنى پەيدىنپەي ئۆزگەرتىشتە سەل قارىغىلى بولمايدىغان رولنى جارى قىلدۇرۇشى مۇمكىن. دۆلىتىمىزنىڭ ئەتراپىتىكى دۆلەتلەر ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان دوستلۇق-ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى يەنىمۇ راۋاجلاندى، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە روشەن ھالدا ياخشىلاندى، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزگە پايدىلىق. (6) جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاشنىڭ مۇھىم ئامىلى بولۇپ قالدى. دۆلىتىمىز مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، تاشقى خىزمەتتە توغرا فاڭجېن ۋە تاكتىكىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆتكەن يىلى يەنە يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. بولۇپمۇ يولداش جياڭ زېمىننىڭ دۆلەت رەئىسى سۈپىتى بىلەن ئامېرىكىغا قىلغان دۆلەت زىيارىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى 1989-يىلدىن بۇيان ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قىيىن ھالەتكە خاتىمە بەردى، ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىدە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بارلىققا كەلدى. گەرچە جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا يەنىلا ئىختىلاپ ساقلانغان بولسىمۇ، بىراق ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرى 21-ئەسىرگە يۈزلەنگەن ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ رامكىسى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشى قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەردە ئورتاق تونۇشقا كېلىپ، دۇنياغا ئىجابىي خاراكتېرلىك ئىستراتېگىيىلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، بۇ مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. دەرۋەقە، بىز تۇرىۋاتقان بۇ دۇنيا مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان بىر دۇنيا، مۆلچەرلىگۈسىز ئامىللار ئاز ئەمەس. ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرىۋاتقان ھەر خىل يېڭى ئۆزگىرىشلەرگە، جۈملىدىن ئۆتكەن يىل 7-ئايدىن بۇيان شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيادىكى بەزى دۆلەتلەردە ئارقا-ئارقىدىن پەيدا بولغان پۇل مۇئامىلە كرىزىسىغا قارىتا، يېقىندىن كۆزىتىپ، ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، سالماقلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك. لېكىن ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، پۈتكۈل خەلقئارا مۇھىت دۆلىتىمىزنى قاتتىق سىناققا دۇچار قىلدى، شۇنداقلا تېپىلغۇسىز پۇرسەتكە ئىگە قىلدى. مېڭىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، ماھىرلىق بىلەن ۋەزىيەتنى پەملەپ، پايدىغا يۈزلىنىپ زىياندىن ساقلىنىپ، پايدىلىق ئامىلنى جارى قىلدۇرىدىغان، توغرا فاڭجېندا چىڭ تۇرىدىغانلا بولساق، ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تېخىمۇ پايدىلىق بولغان تاشقى مۇھىت ۋە تاشقى شارائىتنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز تامامەن مۇمكىن.

دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئەھۋالىدىن قارايدىغان بولساق، نۆۋەتتە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇ-

www.uyghurkitap.com

رۇش قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ياخشى. ئىقتىساد مۇۋاپىق دەرىجىدە تېز يۈكسىلىۋاتىدۇ، مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش ھەجمى يەنىمۇ چۈشۈۋاتىدۇ، "ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىش نىسبىتى يۇقىرى، پۇلنىڭ پاخاللىشىش نىسبىتى تۆۋەن" بولغان ياخشى تەرەققىيات ھالىتى شەكىللەنمەكتە. 1997-يىلى ئىقتىساد %8.8 ئاشتى، تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى %0.8 ئۆرلىدى، بۇ نۇرغۇن يىللاردىن بېرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەھۋال. ئاشلىق مەھسۇلاتى 492 مىليارد 500 مىليون كىلوگرامغا يېتىپ، بەش يىل بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا 50 مىليارد كىلوگرام ئاشتى، دېمەك ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى يەنە يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلدى. يېزا ئىقتىسادى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدى. ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە ئىستېمال بۇيۇملىرىدا تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭلاشقان ياكى تەمىنلەش ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كەتكەن ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. ئۇزاقتىن بۇيان بىزنى تەسلىككە سېلىپ كەلگەن تاۋار قىسلىق ئەھۋالى ئۆزگەردى. ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ تەڭشىلىشىدە بەزى يېڭى، ئىجابىي ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. ئۇل كەسىپ بىلەن ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى تېزلىتىلدى، ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارغا مەبلەغ سېلىش ئىشى كۈچەيتىلدى. دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا ئۇزاقتىن بېرى ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بەزى "بوغۇز"لۇق چەكلىمىلەر كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە بوشاشتۇرۇلۇپ، ئىزچىل تەرەققىياتنىڭ زاپاس كۈچى ئاشۇرۇلدى. تاشقى ئىقتىساد-تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە ئالاقىسى داۋاملىق كېڭەيتىلىپ، خەلقئارا كىرىم-چىقىم ئەھۋالى ياخشىلاندى. دۆلىتىمىزنىڭ ئىمپورت-ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسى 325 مىليارد 100 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا، خەلقئارا تاشقى پېرېۋوت زاپىسى 139 مىليارد 900 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش نىشان قىلىنغان ئىسلاھاتتا زور بۆسۈش ھاسىل قىلىندى. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ئاكتىپلىق بىلەن سىناق قىلىش ئاساسىدا پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىلىپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تەجرىبە يارىتىپ بەردى. ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق باشقا جەھەتلەردىكى ئىسلاھاتلاردىمۇ يېڭى تەرەققىياتلار بولدى. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىك ئورتاق راۋاجلاندۇرۇلىدىغان ھالەت يەنىمۇ كېڭەيتىلمەكتە. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا ئاز بولمىغان زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت. بىرقەدەر گەۋدىلىكلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: خېلى بىر قىسىم دۆلەت كارخانىلىرى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشتا قىينىلىۋاتىدۇ. ئىش ئورنىدىن قالغانلار ۋە ئىشسىز قالغانلار كۆپىيىۋاتىدۇ. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمى چوڭىيىۋاتىدۇ؛ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى يەنىلا ئاجىز

ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا قارىغۇلارچە مەبلەغ سېلىش، تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش ئەھۋالى بىرقەدەر ئومۇملىشىپ قالدى، خەلق ئىگىلىكىنىڭ بىر پۈتۈن سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى يۇقىرى ئەمەس؛ پۇل مۇئامىلىسى جەھەتتىكى نازارەتچىلىك ۋە باشقۇرۇش دېگەندەك مۇكەممەل ئەمەس، پۇل مۇئامىلە تەرتىپى بەزى جەھەتلەردە بىرقەدەر قالايمىقان؛ كىرىم تەقسىماتى مۇناسىۋىتى تېخى راۋانلاشقىنى يوق، شەھەرلەردىمۇ، يېزىلاردىمۇ بىرقىسىم ئاممىنىڭ تۇرمۇشى بىرقەدەر قىيىن؛ خەلق ئاممىسى ئىجتىمائىي كەيپىيات ۋە جەمئىيەتنىڭ ئامانلىق ئەھۋالىدىن تېخى نارازى؛ بەزى پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا بيۇروكراتلىق، شەكىلۋازلىق، كۆپتۈرمىچىلىك ئىستىلى بىرقەدەر ئېغىر، پاسسىپلىق-چىرىكلىك ئەھۋاللىرى تېخى ئومۇمىيۈزلۈك، ئۈنۈملۈك تىزگىنلەنگىنى يوق، بەزى جەھەتلەردە يەنىلا ئەۋج ئالماقتا. بۇ مەسىلىلەرنىڭ بەزىلىرى كۆپ يىللاردىن بۇيان يىغىلىپ قالغان، بەزىلىرى ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات داۋامىدا پەيدا بولغان، خىزمەت جەھەتتىكى سەۋەبىمۇ بار.

ۋەزىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ نەزەرىيىنى ئۆگىنىش، نەزەرىيىنى يېتەكچى قىلىپ تۇرۇپ ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىشتا، ئومۇمىي ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، مۇرەككەپ-چىگىش ھادىسىلەردىن تۈرلۈك زىددىيەتلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى ئىگىلەشكە، شەيئىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى، ماھىيىتىنى چىڭ تۇتۇپ، شەيئى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىنى بىلىشكە ماھىر بولۇش لازىم. بۇ، رەھبىرىي كادىرلارغا نىسبەتەن تېخىمۇ مۇھىم. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا ھازىرقى ۋەزىيەت ياخشى، بىراق شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، ھازىرقى ۋەزىيەتتە ھەم ياخشى تەرەپ بار، ھەم جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە ۋە يوشۇرۇن ئاپەت بار؛ ھەم پۇرسەت ۋە پايدىلىق شارائىت بار، ھەم سىناق ۋە قىيىنچىلىق بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەزىيەتكە قارىغۇلارچە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ، جەزمەن غەلىبە قىلىدىغانلىقىمىزغا بولغان ئىشەنچتىن تەۋرىنىشكىمۇ بولمايدۇ. تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى قايتا-قايتا ئۇقتۇرىدۇكى، ۋەزىيەت قانچە ياخشىلانغانسېرى، مېڭىمىزنى شۇنچە سەگەك تۇتۇپ، ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدىكى زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بېرىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش، زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ تەدبىر ۋە ئۇسۇللىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تېپىپ چىقىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر خىل قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان، جاسارەت بىلەن ئىشلەيدىغان ياخشى روھىي ھالەتكە ئىگە بولۇش لازىم. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار، ئالدى بىلەن ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئىستىقبالىغا تولۇق ئىشەنچ باغلىشى، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشقا ماھىر بولىدىغان ۋە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلالايدىغان يۈكسەك ئىنقىلابىي كۆرەش ئىرادىسىگە ئىگە بولۇشى، ئۇزاق مۇددەت جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىدىغان، بارلىق ئىشلارنى تىرىشچانلىق-ئىقتىسادچىللىق بىلەن باشقۇرىدىغان ئىدىيىنى تۇرغۇزۇشى، راست گەپ قىلىش، ئىشنى ئادىل قىلىش، سەممىي ئادەم بولۇشتا چىڭ تۇرۇشى، باشتىن-ئاخىر چىن دىلىدىن خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان

بولۇشى كېرەك. پارتىيىمىز ئىشلىرىدا ئەزەلدىن قىيىنچىلىقنى داۋاملىق يېڭىش، زىددىيەتنى داۋاملىق ھەل قىلىش جەريانىدا يېڭى قەدەملەرنى بېسىپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ كەلدۇق. پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي تايانچلىرىمۇ ئەزەلدىن مۇشۇ جەرياندا چېنىقىپ، سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، تۈركۈم-تۈركۈملەپ ئۆسۈپ يېتىلگەن ۋە پىشىپ چىققان. خىزمەت ئوڭۇشلۇق بولغاندا كۆرەڭلەپ ئۆزىنى بىلەلمەي قالىدىغان، قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان ۋاقىتتا باشقىلاردىن ئاغرىنىپ، روھى چۈشكۈنلىشىدىغان ئەھۋاللار كومپارتىيە ئەزالىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك بولمىغان روھىي ھالەتتۇر.

## ئىككىنچى، نۆۋەتتىكى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ نەزەرىيىنى ئۆگىنىپ، مەركەزنىڭ بۇ يىللىق خىزمەت توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى تېخىمۇ ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك

بۇ يىلقى خىزمەت توغرىسىدىكى يېتەكچى ئىدىيە، نىشان-ۋەزىپە، خىزمەت فاڭجېنى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى مەركەز روشەن بەلگىلەپ بەردى. ئومۇمىي تەلەپ مۇنداق: دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇللۇق ئورنىنى كۈچەيتىش، دۆلەت كارخانىلىرى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان تۈرلۈك ئىسلاھاتلارنى تېزلىتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ۋە ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىشىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىياتىنى ساقلاپ قېلىش؛ دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىشىنى ئالغا سۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش؛ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئېلىپ بېرىش؛ پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن بىر نىيەتتە كۈرەش قىلىش. يۇقىرىقى تەلەپلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تىرىشىپ ئومۇمىيەتنى ئىگىلەش، كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇش، چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش، بىردەك ئىتتىپاقلىشىش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش لازىم.

يولداشلار پارتىيە مەكتىپىدىكى ئۆگىنىش جەريانىدا، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىشى لازىم. ھازىر بىز قىلىۋاتقان ئىشلارنى مەركەز قىلىپ، نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئالدىمىزدا تۇرۇۋاتقان مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ ۋە ھەل قىلىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ مەسىلىنىڭ قانداقلارچە ھەل قىلىنىشى نەزەرىيە ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى ۋە نەزەرىيە سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان ۋە سىنايدىغان مۇھىم ئۆلچەمدۇر.

**بىرىنچىدىن، 15-قۇرۇلتاي روھى بىلەن ئومۇمىيەتنى ئىگەللەشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى، ئاساسىي لۇشيەننى ۋە مەركەزنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىنى ئەتراپلىق، توغرا، پائال ھالدا ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك.** مەركەزنىڭ بۇ يىللىق خىزمەت توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى پارتىيە 15-قۇرۇلتىيى روھىنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇلۇشى. 15-قۇرۇلتاي روھى ئومۇمىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، ئۇ ئۇزاق مۇددەتلىك يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. بىرنەچچە ئايدىن بېرى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش تېمىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا، پۈتۈن پارتىيىدە 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش دولقۇنىنى قوزغاپ، مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، بەزى يولداشلىرىمىزنىڭ 15-قۇرۇلتاي روھىنى دېگەندەك ئەتراپلىق، توغرا، چوڭقۇر چۈشىنىپ كېتەلمىگەن، ئىدىيىۋى تونۇشتا ۋە خىزمەت داۋامىدا ئۇنداق ياكى مۇنداق ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىش، بىر تەرەپلىمىلىك قىلىش ۋە مۇتلەقلەشتۇرۇۋېتىش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆگىنىشنى داۋاملىق چىڭ، ئوبدان تۇتۇپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم. 15-قۇرۇلتاي روھى بولسا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى قوللىنىلىشى ۋە راۋاجى، شۇڭا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشنى 15-قۇرۇلتاي روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنىنى ۋە يېتەكچى ئىدىيىسىنى يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي ئەھۋالىنى ۋە پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنى ۋە تۈپ پروگراممىسىنى يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش، 15-قۇرۇلتايدا دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر قاتار چوڭ-چوڭ تەدبىرلەرنى يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش، يېڭى ئەسىرگە يۈزلىنىۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ زىممىسىدىكى زور تارىخىي مەسئۇلىيەتنى ۋە پارتىيىنى يەنىمۇ ياخشى قۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىش، شۇ ئارقىلىق مەركەزنىڭ تەدبىرلىرىنىڭ ۋە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن پۇختا ئىدىيىۋى ئاساس سېلىش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**ئىككىنچىدىن، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، بولۇپمۇ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك.** بۇ يىلقى ئىسلاھات ۋەزىپىسى ئىنتايىن ئېغىر، بۇ يىل ئاتاكا قىلىدىغان بىر يىل، ھالقىلىق بىر يىل. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ھازىرقى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى مۇھىم ۋەزىپە. مەركەز، ئۈچ يىلدەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، زىيان تارتىپ كېلىۋاتقان چوڭ-ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكىنى قىيىن ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇش، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە چوڭ-ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت تايانچ كارخانىلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكىنى زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئورنىتىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالىنى روشەن ياخشىلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئىشلىرىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان زور ئىش، ئەھمىيىتى زور ھەم چوڭقۇر، ۋەزىپە ئېغىر ھەم جىددىي. مەركەز دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە تۈپ فاڭجېنىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنىڭغا قارىتا چوقۇم جىددىي مۇئامىلە قىلىپ، ئەتراپلىق چۈشىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم، بىر تەرەپلىمىلىك قىلىشقا، خالىغانچە ئىش كۆرۈشكە ھەرگىز بولمايدۇ. مەسىلەن، «ئۈچ پايدىلىق بولۇش» ئۆلچىمىگە ئاساسەن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ كۆپ خىل رېئاللىشىش شەكلى ئۈستىدە ئاكتىپ ئىزدىنىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش دېگەن تەلەپ دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت دۆلەت ئەھۋالى ئاساس قىلىنىپ، نۇرغۇن يىللىق ئەمەلىي تەجرىبىلەر ئاساسىدا يەكۈنلەپ چىقىرىلغان قانۇنىيەت خاراكتېرلىك نەرسىدۇر. دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت بولغاچقا، چوقۇم ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا، دۆلەت ئىگىلىكىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش شەرت. ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىرگە، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىكنى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلىنىمۇ كۆپ خىللاشتۇرۇش لازىم. ئاساسىي گەۋدىنىلا تەكىتلەپ، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىكنى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇشنى تەكىتلىمەي بولمايدۇ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭكىدىن باشقا ئىگىلىكنىلا تەكىتلەپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشنى تەكىتلىمەيمۇ بولمايدۇ؛ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ بىرلا خىل رېئاللىشىش شەكلىگە ئېسىلىۋېلىشقا بولمايدۇ، پاي تۈزۈمىنى تىلغا ئالسىلا شامال چىقىرىش، «ئالمان-تالمان ئىش قىلىش»، «ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش» يولىنى تۇتۇشقىمۇ بولمايدۇ. يەنە مەسىلەن، مەركەز دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشىلاشتا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىشنى نىشان قىلىپ، ئىسلاھ قىلىش، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى بىرلەشتۈرۈش لازىملىقىنى، رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ھالقىنى ئوبدان تۇتۇش لازىملىقىنى تەكىتلىدى. مۇشۇ تەلەپلەرمۇ ئوخشاشلا نۇرغۇن يىللىق ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرى ئاساسىدا چىقىرىلغان قانۇنىيەت خاراكتېرلىك يەكۈن

بولۇپ، ئۇلار ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولىدۇ، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، بىرى كەم بولسا بولمايدۇ، ئۇلارنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. بىر-ئىككى تەرەپنىلا تەكىتلەپ، باشقا تەرەپلەرگە سەل قاراشقا بولمايدۇ، مەلۇم بىر تەرەپنى باشقا تەرەپلەر بىلەن ئايرىۋېتىش ۋە قارىمۇقارشى قىلىپ قويۇشقىمۇ بولمايدۇ، شەكىللۋازلىق قىلىپ، يۈزەكىلا ئىش قىلىشقا بولمايدۇ. يەنە مەسىلەن، مەركەز ئۆزئارا قوشۇلۇپ كېتىشكە ئىلھام بېرىش، ۋەيران بولۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئىش ئورنىدىن قالغانلارنى بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش، خادىملارنى قىسقارتىپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ۋە ئىشقا قايتا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش، كارخانىلارنىڭ ياخشىلىرى تاللىنىدىغان، ناچارلىرى شاللىنىدىغان رىقابەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پۈتكۈل ئىقتىسادنى ياخشى يولغا قويۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، كارخانىلارنىڭ يىراق كەلگۈسى تەرەققىياتىنى نەزەردە تۇتۇپ چىقارغان مۇھىم تەدبىر، بۇنى چوقۇم قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك. ئىزچىللاشتۇرۇش داۋامىدا چوقۇم ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، خىزمەتنى چوڭقۇر، ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەش لازىم. بولۇپمۇ كارخانىلارنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇپ كېتىشى ۋە ۋەيران بولۇشنى يولغا قويۇش جەريانىدا دۆلەت مۈلكىنىڭ زىيانغا ئۇچرىماسلىقىغا چوقۇم كاپالەتلىك قىلىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلەش، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش نىشانىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىشقا قايتا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىش، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ۋە توپلاش ئارقىلىق قانۇنىيەت خاراكتېرلىك بىلىشكە ئېرىشىش لازىم.

پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشمۇ بۇ يىلقى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ بىر مۇھىم نۇقتىسى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ، پۇل مۇئامىلىسى ھازىرقى زامان ئىقتىسادىنىڭ يادروسى، دېگەنىدى. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئىنتايىن چوڭقۇر. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىجابىي-سەلبىي ئىككى تەرەپتىكى پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پۇل مۇئامىلە خىزمىتى ياخشى ئىشلەنگەندە، ئىقتىساد ئومۇمىيتىنىڭ ساغلام تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولغىلى ۋە تەسىر كۆرسەتكىلى بولىدۇ؛ پۇل مۇئامىلە خىزمىتىدە چوڭ مەسىلە كۆرۈلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنىمۇ ئىنتايىن كەڭ، ئىنتايىن چوڭ بولىدۇ. بىز ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىشتا، پۇل مۇئامىلىسىگە ئائىت بىلىملەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنىڭ قانۇنىيىتىنى تىرىشىپ ئىگەللەپ، پارتىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلىرى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن-نىزاملىرىنى توغرا ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك. بىرەر جاينىڭ ھەر تەرەپلىمىلىك خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولغان رەھبىرىي كادىر پۇل مۇئامىلىسىنى بىلمىسە، يەنە كېلىپ ياخشى ئۆگەنمەي، قارىغۇلارچە ئىشلىسە، بۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىش بولىدۇ. پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى توغرىسىدا، مەركەز ئېنىق قىلىپ، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ پۇل مۇئامىلىسىنى تەڭشەش-تىزگىن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لەش ۋە نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە كۈچەيتىش، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا بانكىسىنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، رايون خاراكتېرلىك سودا بانكىلىرى، شەھەر-يېزا سودا بانكىلىرى ۋە ئامانەت-قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ قۇرۇلۇشنى قەدەم-باسقۇچلۇق ھالدا ئىلگىرى سۈرۈش، ئاكسىيىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش سىستېمىسىنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم، دەپ ئوتتۇرىغا قويىدى، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتنىڭ نىشانى ۋە فاكتېرلىرى ئېنىق، گەپ ئۇنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشتا. بەزى دۆلەتلەردە كۆرۈلگەن پۇل مۇئامىلە كرىزىسى يولداشلىرىمىزنى يەنە بىر قېتىم تەجرىبە-ساۋاق بىلەن تەمىن ئېتىپ، كۆپچىلىكنى يەنىمۇ ھوشيارلاشتۇردى. قىسقىسى، پۇل مۇئامىلە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، يوشۇرۇن ئاپەتلەرنى تېزدىن تۈگىتىپ، پۇل مۇئامىلە خەۋپ-خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كاتتا بىر پەن بولۇپ، ئۇنى سەممىيلىك بىلەن ئۆگىنىپ، ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

ئاپپارات ئىسلاھاتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمى ئىسلاھاتىدىكى مۇھىم بىر ۋەزىپە، شۇنداقلا سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىدۇر. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ ھەقتە نۇرغۇن مۇھىم يوليورۇقلارنى بەرگەن. ئۇستقۇرۇلما ئىقتىسادىي بازىسنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىشى كېرەك. نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىزدە ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ ھازىرقى قۇرۇلمىسى، فۇنكسىيىسى ۋە تۈزۈلمىسىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تەلىپى بىلەن ماس كەلمەسلىك مەسىلىسى ئىنتايىن گەۋدىلىك بولۇپ، ھەقىقەتەنمۇ ئۆزگەرتمەي بولمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. ھازىر ئاپپارات ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش قىلماي بولمايدىغان ئىش بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شارائىتمۇ ھازىرلاندى، پۇرسەتمۇ تولۇق پىشىپ يېتىلدى. بۇ قېتىمقى ئىسلاھاتنى قەتئىي تەۋرەنمەي ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇ قېتىمقى ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنىڭ باش نىشانى: ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ۋە جەمئىيەت ئومۇميۈزلۈك يۈكسىلىشىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىپ، ئىش بېجىرىش ئۈنۈمى يۇقىرى، ئىشلىشى تەڭكەش بولغان، ھەرىكەتچان قېلىپلاشقان مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، دۆلەت مەمۇرلىرى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سۈپىتى يۇقىرى، ئىختىساسلىق دۆلەت مەمۇرىي كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدىكى چوڭ پرىنسىپلار: بىرىنچى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەلىپى بويىچە، ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىش، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش؛ ئىككىنچى، ئىخچاملاش، بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە ئۈنۈملۈك قىلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، قوشۇنلارنى خىل، مەمۇرىي ئورگانلارنى ئىخچام قىلىش؛ ئۈچىنچى، ھوقۇق بىلەن مەسئۇلىيەت بىردەك بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى دائىرىسىنى تەڭشەش، تارماقلارنىڭ فۇنكسىيىسى جەھەتتىكى

ئىش تەقسىماتىنى ئېنىق ئايرىش؛ تۈزۈمنى تولۇقلاش، قانۇن بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، قانۇن بويىچە مەمۇرىي ئىشلارنى يۈرگۈزۈش تەلىپىگە بىنائەن، مەمۇرىيەت سىستېمىسىنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش. بۇ قېتىمقى ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ بېرىشتا، ئالدى بىلەن ھەر تەرەپلەرنىڭ ئىدىيىلىرىنى بولۇپمۇ ھەرقايسى تارماقلار رەھبەرلىرىنىڭ ئىدىيىلىرىنى مەركەزنىڭ روھى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن كۆپنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، نىشاننى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەركەزنىڭ تەدبىرىنى كەم-كۈتىسىز ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولىدۇ. ئاكتىپ ھەم پۇختا بولۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش، ئىرادە چىڭ بولۇش، خىزمەتنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەش لازىم، بولۇپمۇ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى چوڭقۇر، ئىنچىكىلىك بىلەن ياخشى ئىشلەپ، كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئىدىيىۋى مۇقىملىقىنى ساقلاپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ بوشىشىپ قالماسلىقى، ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى، قالايمىقان بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانلارنىڭ شتاتىنى ساقلاپ قېلىش، نىشانلىق تەربىيىلەش، كارخانىنى كۈچەيتىش، قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇش تەلىپىگە بىنائەن، بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. بۇ قېتىمقى گوۋۇيۈەن ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ئۇنىڭدا توپلانغان تەجرىبىلەر يەرلىك مەمۇرىي ئاپپاراتلار ئىسلاھاتىغا نىسبەتەن ئىنتايىن چوڭ يېتەكچىلىك ۋە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

**ئۈچىنچىدىن، سالماقلىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.** تەرەققىيات—چىڭ قائىدە، جۇڭگونىڭ بارلىق مەسىلىلىرىنى، جۈملىدىن نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان بەزى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا، مۇھىمى ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تايىنىش كېرەك. كۆپچىلىك يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەرەققىيات توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا سۈرئەت بىلەن ئۈنۈمنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك دېگەنگە ئوخشاش كۆزقاراشلىرىنى يېڭىباشتىن ئۆگىنىپ، ياخشى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆتكەنكى بىرنەچچە يىللىق ئەمەلىيەت داۋامىدىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، نۆۋەتتە يولۇقۇۋاتقان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، بۇ يىلقى خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ئىشلىشى لازىم.

ئۈنۈمنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش ۋە قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇش شەرتى ئاستىدا، بۇ يىلقى مەملىكەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى %8 ئاشۇرۇش سۈرئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. بۇ نىشان ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىش ۋە دەلىللەش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇ ئاكتىپ ھەم يېتىشكە بولىدىغان نىشاندۇر. بۇ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش مالىيە كىرىم-چىقىمىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمىنى ئازايتىشقا، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى يەنىمۇ ياخشىلاشقا پايدىلىق. گەرچە

ئىلگىرىلەش يولىدا بىز يولۇقۇۋاتقان مەسىلە ۋە قىيىنچىلىقلار ئاز بولمىسىمۇ، بولۇپمۇ دۆلەت كارخانىلىرى قىيىنلىشىۋاتقان، خەلقئارالىق پۇل مۇئامىلە ۋەقەسى بەزى پايدىسىز تەسىرلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن مەملىكىتىمىز 1 مىليارد 200 مىليون ئاھالىگە ئىگە، ئىچكى بازىرىمىزنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ناھايىتى چوڭ بولغاچقا، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، مەبلەغ سېلىش ۋە ئىستېمال قىلىش تەلىپىنى مۇۋاپىق ئاشۇرۇش، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىپ، ئىچكى بازارنى ئېچىش ئارقىلىق، نى-نى ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، مەبلەغنى زۆرۈر دەرىجىدە ئاشۇرۇپ سېلىش كېرەك، لېكىن ئۇنى چوقۇم جايىدا ئىشلىتىش، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۈنۈمگە ئېتىبار بېرىش، قارىغۇلارچە يېڭى قۇرۇلۇش قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. مەبلەغنى نۇقتىلىق ھالدا دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىش، ئېنېرگىيە، قاتناش، ئالاقە، مۇھىتنى ئاسراش قاتارلىق ساھەلەردىكى ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، كارخانىنى تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا كەسپلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، شەھەر-بازارلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش، ئاھالىنىڭ ئاددىي تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىياسەت ئارقىلىق ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە بازارنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى پائال يۈرگۈزۈپ، تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەر بىلەن ئېكسپورتنى كېڭەيتىش، ھەم ئەنئەنىۋى ئېكسپورت بازارلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە كېڭەيتىش، ھەم تىرىشىپ يېڭى بازارلارنى ئېچىش لازىم. ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىكىنى يەنىمۇ مۇقىملاشتۇرۇش ۋە كۈچەيتىش كېرەك. يېزا ئىگىلىكى ئومۇمىي ۋەزىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ھازىر تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ قالدى، ئۇدا بىرنەچچە يىل مول ھوسۇل ئالدۇق دەپلا بىپەرۋالىق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى داۋاملىق قوللىنىپ، بۇ يىل يېزا ئىگىلىكىدىن يەنە بىر قېتىم مول ھوسۇل ئېلىشقا، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا، يېزا جەمئىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم. پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان ئاساسىي سىياسىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىكى-نىڭ سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇش، يېزا ئىگىلىك پەن-تېخنىكىسىنى قوللىنىشنى كېڭەيتىش، دېھقانلارنىڭ يۈكىنى ھەققىي يېنىكلىتىش، كادىرلارنىڭ ئىستىلىنى ھەققىي ياخشىلاش، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى يەنىمۇ قوغداش ۋە قوزغاش كېرەك. ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىدىكى ئىككى تۈپ خاراكتېرلىك بۇرۇلۇشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، يېزا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش يولى بىلەن باشقۇرۇشنى راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئاشلىق ئوبوروت تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىپ، يېزىلارنىڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. قىسقىسى، بۇ يىلقى ئىقتىسادىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشتە، چوقۇم مەركەزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، خەلقئارا بازار ۋە ئىچكى بازار، خەلقئارا بايلىق ۋە ئىچكى بايلىقنىڭ ئۆزگىرىش

ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىش ئۇستىدىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تىرىشىپ تونۇپ ۋە ئىگەللەپ، قانۇنىيەتكە قاتتىق ئەمەل قىلغان ھالدا ئىش بېجىرىشىمىز لازىم. سۇبيېكتىپچىلىق، بىر تەرەپلىمىلىك قىلىشتىن قاتتىق ساقلىنىپ، ۋەزىيەتنى تىزگىنلەش، ئىلگىرىلەش داۋامىدىكى مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

**تۆتىنچىدىن، دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم.** دېموكراتىيىنى كېڭەيتىپ، قانۇنچىلىقنى ساغلاملاشتۇرۇپ، قانۇن بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەتنى قۇرۇپ چىقىش—دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدىكى مۇھىم ئىدىيە، شۇنداقلا 15-قۇرۇلتايدا بەلگىلەنگەن پارتىيىنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى ئاساسىي تەدبىردۇر. مەركەزنىڭ مۇناسىۋەتلىك خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئىزچىللاشتۇرغاندا، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش بىلەن قانۇن بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى، دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن قانۇنچىلىقنى ساغلاملاشتۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى، قانۇن تۈرغۇزۇشنى تېزلىتىش بىلەن قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، نازارەتنى كۈچەيتىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق قىلىپ توغرا بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم. ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش، تۈزۈلگەن قانۇنغا چوقۇم ئەمەل قىلىش، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى چوقۇم سۈرۈشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، قانۇننى ئىجرا قىلىش ساھەسىدە ساقلىنىۋاتقان قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش، پارا يەپ قانۇنسىزلىق قىلىش قاتارلىق ھادىسىلەرنى قەتئىي تۈگىتىش كېرەك. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ مۇھىم نىشانى ۋە مۇھىم كاپالىتى. ئۇنىڭ بىلەن قانۇن بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. يېڭى ۋەزىيەتتە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا دۇچ كېلىۋاتقان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ياخشى تەتقىق قىلىپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا پائال ئىزدىنىپ، ياخشى تەجرىبە، ياخشى چارىلەرنى ئۈزلۈكسىز توپلاپ، خىزمەت سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئىككى مەدەنىيەت تەڭكەش تەرەققىي قىلىدىغان يېڭى ۋەزىيەتنى يارىتىش لازىم. يېڭى ۋەزىيەتتە، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. ئىسلاھاتنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىپ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ھەر تەرەپلىمىلىك ئىشلارنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز؛ تەرەققىياتنى مەقسەت قىلىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەركەز قىلىنغان ھەر تەرەپلىمىلىك خىزمەتلەرنى پۈتۈن زېھنىمىز بىلەن ياخشى ئىشلىشىمىز؛ مۇقىملىقنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە يۈكسەك ئېتىبار بېرىشىمىز لازىم. نۆۋەتتە، ياخشى ۋەزىيەت ئاستىدا بەزى مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىمۇ مەۋجۇت. رەھبىرىي كادىرلار شەپىسىدىن يۆنىلىشنى بىلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەسلىنى بىخ هالىتىدىلا يوقىتىپ، يوشۇرۇن هالەتتە تۇرغان مۇقىمسىزلىق ئامىللىرىنى ۋاقتىدا تۈگىتىشكە، بىخ خاراكتېرلىك، ئېغىش خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بايقاش ۋە ھەل قىلىشقا ماھىر بولۇشى لازىم. خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى توغرا ئايرىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى خەلقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەرنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ ۋە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، دۆلەتنىڭ، خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە بىخەتەرلىكىگە زىيان سالىدىغان ھەر خىل جىنايى قىلمىشلارغا داۋاملىق قاتتىق زەربە بېرىپ، جەمئىيەتتىكى رەزىل قىلمىشلارنى قەتئىي سۈپۈرۈپ تاشلاپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك.

**بەشىنچىدىن، يېڭى تارىخىي شارائىتتا پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، پارتىينى پارتىيە باشقۇرۇش ۋە پارتىينى قاتتىق باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش ئاڭلىقلىقىنى ئاشۇرۇش لازىم.** ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار دېڭ شياۋپىڭنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى ھەققىدىكى نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنى ياخشى بېجىرىشنىڭ ھالقىسى پارتىيىدە، ئادەمدە دېيىلگەن ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆزلەشتۈرۈپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىش ئورۇنلىرىدا تۇرۇپ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئەستايىدىللىق، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ياخشى تۇتۇشى كېرەك. بۇ مەسىلە ياخشى ھەل قىلىنسا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەتكە ئىگە بولالايدۇ.

پارتىيە قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشتە، چوقۇم پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى قەتئىي، ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي تېمىنى مەھكەم تۇتۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي نىشانىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى يېقىندىن چۆرىدەپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق جەھەتتىكى خىزمەت ۋەزىپىلىرىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى، تەشكىلىي ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش، پارتىيىنىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش، پارتىينى قاتتىق باشقۇرۇش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش لازىم.

بۇ يىلقى پارتىيە قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى ۋەزىپە ناھايىتى ئېغىر، تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى نۇقتىلىق ھالدا ياخشى تۇتۇش كېرەك: بىرىنچىدىن، رەھبىرىي كادىرلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، پۈتۈن پارتىيىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى پۇختىلىق بىلەن قوزغاشقا تۈرتكە بولۇش لازىم. ئىككىنچىدىن، ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەر-لىك بەنزىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش، بولۇپمۇ يەرلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ نۆۋەت

ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى ۋە ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىدىكى رەھبەرلىك بەنزىسىگە خادىم سەپلەش
خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى تەربىيلەش، تاللاپ
ئۆستۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.
يولداش جياڭ زېمىن مەركىزىي كومىتېتنىڭ 2-ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە كادىرلار قوشۇنى
قۇرۇلۇشى مەسىلىسى ئۈستىدە ئالاھىدە توختىلىپ، كادىرلارنىڭ بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشىنى
داۋاملىق كۈچەيتىشى لازىملىقىنى، ئەمەلىيەت داۋامىدا قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا چېنىقىشى
لازىملىقىنى، ياخشى روھىي ھالەتكە ئىگە بولۇشى لازىملىقىنى، مۇنەۋۋەر خادىملارنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتە-
شىگە ياخشى مۇھىت يارىتىشى لازىملىقىنى تەكىتلىدى. بۇ يوليورۇقلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ،
كادىرلار خىزمىتىدە ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. تۆتىنچىدىن، كادىرلارنىڭ ھەم چىقالايدىغان، ھەم
چۈشەلەيدىغان بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى
تېزلىتىش، جۈملىدىن ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا بىرلەشتۈرگەن ھالدا دۆلەت كارخانىلىرىدىكى كادىرلار
ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. بەشىنچىدىن، يېزا ۋە كارخانىلارنى مۇھىم نۇقتا
قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش كېرەك. يېزىلاردىكى
ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشى جەھەتتە، كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنىڭ "بەش ياخشى
بولۇش" نىشانىنىڭ تەلىپىنى داۋاملىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قولغا كەلگەن نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەپ،
ئومۇمىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە "ئالتە ياخشى بولۇش" نىشانىنىڭ تەلىپى
بويىچە، يېزا-بازارلىق پارتكوم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم، ئۇنىڭ بىلەن كەنت دەرىجىلىك تەشكىلاتلار-
نىڭ قۇرۇلۇشى ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرسۇن. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىغا دائىر خىزمەتلەرنى
مەركەز ئورۇنلاشتۇردى، ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش داۋامىدا، كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭ-
قۇرلاشتۇرۇش ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پرىنسىپال بەلگىلىمىلەرنى كونكرېتلاشتۇرۇش كېرەك.
ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىقتىسادىي تەشكىلاتلاردىكى، جۈملىدىن خۇسۇسىي كارخانىلار، چەت
ئەل مەبلىغى كارخانىلىرىدىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە قارىتا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ،
ئەھۋالنى پەرقلەندۈرۈپ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، قەدەممۇقەدەم بىر يۈرۈش كونكرېت چارىلەرنى
تېپىپ چىقىش لازىم. ئالتىنچىدىن، سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ،
پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ياخشى تۇتۇش كېرەك. يەتتىنچىدىن، پارتىيە ئىستىلى
قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش
لازىم. بۇ جەھەتتىكى خىزمەت مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 2-قېتىملىق يىغىنىدا ئورۇنلاش-
تۇرۇلدى، ھازىرقى گەپ ئۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، خىزمەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، باسقۇچلۇق يېڭى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتە.

پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇ ھەم ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارغا قارىتىلغان تەلەپ، ھەم پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ تەلىپى. بيۇروكراتلىق ۋە شەكىلۋازلىقنى قەتئىي تۈگىتىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ساختىپەزلىك قىلىشقا، يۈزەكى ئىش قىلىشقا قارشى تۇرۇش لازىم. نۆۋەتتە بۇ نۇقتىنى تەكىتلىشىمىز ھەم بىر قىسىم يولداشلارنىڭ ياخشى ۋەزىيەت ئاستىدا قېنى قىزىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھەم نۆۋەت ئالماشتۇرۇش داۋامىدا يېڭىدىن رەھبەرلىك ئورنىغا چىققان يولداشلارنى ياخشى ئىستىللارنى يېتىلدۈرۈپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش قىزغىنلىقىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئوبدان بىلىش، ئاممىنىڭ ئارزۇسىنى ئىگەللەش ئاساسىغا، خىزمەتنى پۇختىلىق بىلەن ئىشلەش ۋە مەۋجۇت بولۇۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئاساسىغا، قويۇشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈندۇر. بىزنىڭ يولداشلىرىمىز ئەمەلىيەتكە كۆپرەك چۆكۈپ، رېئال مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش، ھەل قىلىش جەھەتتە كۈچ چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن راستچىللىق-ئەمەلىيەتچىللىك ئىستىلىنى تەشەببۇس قىلىشى كېرەك.

## ئۈچىنچى، ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ نەزەرىيىنى ئۆگىنىپ، توغرا دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشىنى مەھكەم تۇرغۇزۇش كېرەك

كادىرلارنىڭ پارتىيە مەكتىپىدە ئۆگىنىش جەريانى ئۆزىنىڭ دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش جەريانى بولۇشى كېرەك. ماركسىزم نەزەرىيىسى ھەم ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورال، ھەم سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورال. نەزەرىيە ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتە، ئىككى جەھەتتىكى ئۆگىنىش ۋە ئۆزگەرتىشنى ياخشى بىرلەشتۈرۈش لازىم. پۇختا، چوڭقۇر ئۆگىنىش ئارقىلىق پارتىيىۋىلىك جەھەتتىكى چېنىقىشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي سەۋىيەنى ئىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك، نۆۋەتتە مۇنداق تۆت مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر:

**بىرىنچىدىن، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا چىڭ تۇرۇش لازىم.** ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ماركسىزم-

لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرى، شۇنداقلا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭمۇ جەۋھىرى. ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى ئىگەللىگەنلىك ماركسىزمنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك نەرسىسىنى ئىگەللىگەنلىك بولىدۇ، مۇشۇنداق بولغاندا ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ تارىخىي مۇناسىۋىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن ئىلمىي ئىدىيىۋى سىستېمىسىنى بىرقەدەر ياخشى ئىگەللىۋالغىلى بولىدۇ. ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئەمەلىيەتكە ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىدىغان بىر ئۇزاق جەريان بولۇپ، ئۇنىڭ چېكى بولمايدۇ. شۇنى كۆرۈۋېلىش لازىمكى، 20 يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇ-شى بىر ھالقىلىق باسقۇچقا كىردى، بىز ئەزەلدىن يولۇقۇپ باقمىغان نۇرغۇنلىغان يېڭى مەسىلىلەر ۋە چوڭقۇر قاتلاملىق مەسىلىلەرگە يولۇقۇۋاتىمىز. مەسىلەن، قانداق قىلغاندا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇلىدىغان ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمنى، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ خىل تەقسىمات ئۇسۇلى بىللە مەۋجۇت بولغان تۈزۈمنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغىلى ۋە مۇكەممەللەشتۈرگىلى بولىدۇ؛ قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ياخشى ھالدا ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بويىچە ئىش قىلىپ، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئازاد قىلىپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلق ئىگىلىكى-نىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىياتىنى ساقلىغىلى بولىدۇ؛ قانداق قىلغاندا پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە قانۇن بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەتنى قۇرۇپ، سوتسىيا-لىستىك دېموكراتىيىنىڭ قانۇنلاشتۇرۇلۇشىنى قەدەممۇقەدەم ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؛ قانداق قىلغاندا ئىككى قولدا تۇتۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىساد، سىياسەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ ماس ھالدا تەرەققىي قىلىشىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يۈكسىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ؛ قانداق قىلغاندا پارتىيىنىڭ "ئۈچ چوڭ ئەۋزەللىكى"نى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسى، رەھبەرلىك سەۋىيىسى ۋە چىرىتىشنى توسۇش، ئايىنىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ، ۋەھاكازالار. بۇ مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىشتا چوقۇم ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، كونا، ئارقىدا قالغان ئىدىيىلەرنىڭ ئاسارىتىنى بۇزۇپ تاشلاش لازىم. ئەمەلىيەت ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ، بىزنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىمىز ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە، دەۋرنىڭ ئىلگىرىلەش قەدىمىگە، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقى ئەمەلىيەت تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان كونا ئىدىيىلەردە توختاپ قالماسلىقى لازىم.

**ئىككىنچىدىن، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش تۈپ مەقسىتىنى تېخىمۇ ئاڭلىق**

**ھالدا ئەمەلدە كۆرسىتىش لازىم.** پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىدىكى بارلىق خىزمەتلەرنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى نىشانى جان-دىل بىلەن خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەشتىن ئىبارەت. مەركەز رەھبىرىي كادىرلارنىڭ كاللىنى سەگەك تۇتۇشنى قايتا-قايتا تەكىتلەپ كەلدى، ئۇنىڭدىكى بىر ئاساسىي تەلەپ ئۆزىنى ۋە خەلق ئاممىسىنى توغرا ئورۇنغا قويۇش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش تۈپ مەقسىتىنى ھەر ۋاقىت ئېسىدە ساقلاش، ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىش خاھىشىدىن ھەر ۋاقىت ھوشيار بولۇشتىن ئىبارەت، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پارتىيىمىزنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ياخشى، كۆپ ساندىكى كادىرلار ئامما بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشقا دىققەت قىلىدۇ. لېكىن مەسىلە يوقمۇ ئەمەس، بەزى جايلار ۋە ئورۇنلاردىكى مەسىلىلەر ھەتتا ناھايىتى ئېغىر. شۇڭا بىز نەزەرىيە ئۆگىنىشتە، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش جەھەتتە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىز، ئىدىيىۋى ئىستىل جەھەتتە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنىمۇ ھەل قىلىشىمىز لازىم. ئەڭ مۇھىمى، ماركسىزملىق ئاممىۋى كۆزقاراشنى مەھكەم تىكلەپ، خىزمەتتە پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاممىنىڭ ساداسىغا ھەر ۋاقىت قۇلاق سېلىشقا دىققەت قىلىپ، ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاممىغا ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشىمىز، بيۇروكراتلىق، شەكىلۋازلىقنى قەتئىي تۈگىتىپ ۋە توسۇپ، ھەممىدە ئاممىنى كۆزدە تۇتۇش، ھەممىدە ئاممىغا ئىشىنىش، ھەممىدە ئاممىغا تايىنىش، ھەممىدە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى مۇھىم دەپ بىلىشنى ھەقىقىي ئەمەلدە كۆرسىتىشىمىز كېرەك.

**ئۈچىنچىدىن، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا ئىزچىل ئىجرا قىلىش لازىم.** دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پارتىيە بىلەن دۆلەتنىڭ تۈپ تەشكىلىي تۈزۈمى ۋە رەھبەرلىك تۈزۈمى. رەھبىرىي كادىرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش-تۇرالماسلىق — بىر چوڭ پرىنسىپال مەسىلىدۇر. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە تەدبىر كۆرۈشتە، ئاز سانلىق كىشىلەر ياكى شەخسنىڭ دېگىنىنىلا ھېساب قىلىش، كوللېكتىپ رەھبەرلىكنى بېزەك قىلىش، كوللېكتىپ مۇزاكىرىنى شەكىل قىلىش، ياكى مۇزاكىرە قىلىنىۋېرىپ قارار چىقىرالماسلىق، چىقىرىلغان قارارنى ئىجرا قىلالماسلىق — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇقەررەر ھالدا رەھبەرلىك خىزمىتىنىڭ ئۈنۈمىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئومۇمىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇشتا، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈش، كوللېكتىپ رەھبەرلىك بىلەن شەخسلەر ئىش تەقسىم قىلىنىۋېلىپ مەسئۇل بولۇش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش لازىم. رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا، پرىنسىپنى تەكىتلەش، ئىتتىپاقلىقنى تەكىتلەش كېرەك. پرىنسىپنى تەكىتلەش بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، پرىنسىپ يوقىتىپ قويۇلغاندا، ھەقىقىي ئىتتىپاقلىقنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ھەتتا

رەھبەرلىك قىلىش سالاھىيىتىنى يوقىتىپ قويۇش ئەھۋالى كېلىپ چىقىدۇ. ئىتتىپاقلىقنى تەكىتلەشنىڭ ئۆزىمۇ بىر پرىنسىپ، ئۇ رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ كۈچىنى ئۇيۇشتۇرۇپ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ زۆرۈر شەرتى. پرىنسىپنى تەكىتلەش بىلەن ئىتتىپاقلىقنى تەكىتلەشنى بىرلەشتۇرۇشكە تۇزۇم جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى دېموكراتىيە ئاساسىدىكى مەركەزلەشتۇرۇش بىلەن مەركەزلەشتۇرۇش يېتەكچىلىكىدىكى دېموكراتىيىنى ئۆزئارا بىرلەشتۇرۇشتىن ئىبارەت. نۆۋەت ئالماشتۇرۇش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى رەھبەرلىك بەنزىسى بۇ جەھەتتە ياخشى ئۇبراز، ياخشى ئۈلگە تىكلىشى كېرەك. ئاساسلىق رەھبىرىي يولداشلار ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا، ئومۇمىيلىق كۆزقارىشى ۋە دېموكراتىك ئىستىلغا ئىگە بولۇشى، چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشتە چىڭ تۇرۇشى لازىم. رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزاسى ھەم كوللېكتىپنىڭ قارارىنى ئىجرا قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ھەققىي ئادا قىلىشى، ھەم ئومۇمىي خىزمەتكە كۆڭۈل بۆلۈپ، كوللېكتىپ رەھبەرلىككە ئاكتىپ قاتنىشىشى كېرەك.

**تۆتىنچىدىن، چىرىتىشنى توسۇش، ئاينىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا ئۆستۇرۇش لازىم.** چىرىتىشنى توسۇش، ئاينىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۇرۇشتە، ئەڭ مۇھىمى توغرا دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشىنى مەھكەم تۇرغۇزۇش كېرەك. بەزى كادىرلاردا مەسىلە كۆرۈلۈشتىكى تەجرىبە-ساۋاقلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، دۇنياقاراشنى ئۆزگەرتىشنى بوشاشتۇرۇش ھەتتا تاشلاپ قويۇش، پارتىيىۋىلىك كۆزقارىشى ۋە خەلق چاكىرىلىق ئېڭىنىڭ سۇسلىشىپ كېتىشى، ئىدىيىۋى مۇداپىئە لىنىيىسىنىڭ تۇرلۇك قايمۇقتۇرۇشلار تەرىپىدىن بۇزۇپ تاشلىنىشى ئۇلارنىڭ بارا-بارا چۈشكۈنلىشىپ، ئاخىرى پاتقاققا پېتىپ قېلىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرى ھېسابلىنىدۇ. پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، ئىدىيىۋى ئەمەلىيەتكە باغلاپ نەزەرىيە ئۆگەنمىگەندە، ئىدىيە قۇرۇق، روھىي جەھەتتىن نامرات بولغاندا، ئاسانلا پەس ھەۋەسلەرگە بېرىلىپ كېتىپ، مەنپەئەتنىڭ قىزىقتۇرۇشىنى توسىغىلى بولمايدۇ. يولداشلارنىڭ نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى، پارتىيىۋىلىك جەھەتتىكى چېنىقىشنى ئاڭلىق ھالدا كۈچەيتىپ، ئىدىيە جەھەتتە چىرىتىشنى توسۇپ، ئاينىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان مۇستەھكەم مۇداپىئە لىنىيىسىنى قۇرۇپ چىقىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىشتا ئۈلگىلىك رول ئويناپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە تېخىمۇ ياخشى رەھبەرلىك قىلىشى ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

تەرجىمە قىلغۇچىلار: رىسالەت ئابلا
ئادالەت مۇھەممەت

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان

www.uyghurkitap.com

# ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ جۇڭگوچە يولىنى تېپىپ چىقايلى

زۇ جياخۇا

1997-يىل دۆلەتنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغان بىر يىل بولدى، ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتىدە، بىلىمىزنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى ئەسلەش، ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىش، كۆپ يىللاردىن بويانقى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەجرىبە ۋە ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش كېيىنكى باسقۇچتىكى دۆلەتنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم

يەر شارى بويىچە ئىقتىساد ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىدا يېڭى ئالاھىدىلىك ۋە يۈزلىنىش گەۋدىلەنمەكتە: بىرىنچىدىن، ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋە ئۇچۇر كەسپى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىدىكى ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلانماقتا، نۇرغۇن تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىكى ئۇچۇر كەسپىنىڭ ئېشىش نىسبىتى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن يۇقىرى بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى يۈكسىلىش نۇقتىسىغا ئايلىنىپ قالدى. ئىككىنچىدىن، ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋە ئۇچۇر كەسپى ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ھەتتا تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتمەكتە، ئۇچۇر كەسپىنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى يېتەكلەش رولى ئەنئەنىۋى كەسپ ۋە باشقا يۇقىرى تېخنىكا كەسپلىرىنىڭكىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى، ئەنئەنىۋى ئىقتىساد ئەندىزىسىنىڭ ئورنىنى يېڭى ئىقتىساد ئەندىزىسى باسماقتا. ئۈچىنچىدىن، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ كەسپ قۇرۇلمىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى تېخىمۇ كەڭ ساھەلەردە قانات يېيىپ، ئەقلىي ئىگىلىك باسقۇچىغا

قەدەم قويدى. 1996-يىلى، ئامېرىكىدا ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋە ئۇچۇر كەسپىگە سېلىنغان مەبلەغ باشقا سانائەت ئۈسكۈنىلىرىگە سېلىنغان مەبلەغنىڭ 1.6 ھەسسىسى بولۇپ، ئامېرىكا كارخانىلىرىنىڭ مۇقىم مۈلۈككە سالغان ئومۇمىي مەبلىغىنىڭ 35.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن، دۇنيانىڭ مۇشۇ تۈردىكى مەبلىغىنىڭ 40 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا، كېلەركى ئەسىر ئەقلىي ئىقتىساد دەۋرىگە قەدەم قويىدۇ، ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئەسىر ھالقىدىغان دۇنياۋى ئېقىمغا ئايلىنىپ قالدى، دەپ قارىماقتا. تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بولسۇن ياكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بولسۇن، ھەممىسى ئۇچۇرلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئەسىر ھالقىيدىغان ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپە دەپ بىلدى ھەمدە نۇرغۇن مۇھىم تەدبىرلەرنى قوللاندى: بىرىنچى، ئومۇمىي ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتنى نەزەرگە ئېلىپ، دۆلەتنى ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ بىرلىككە كەلگەن تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈپ، پۈتۈن جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا يېتەكلىدى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى. ئىككىنچى، ئۇچۇرلاشتۇرۇشنى تەكشۈرىدىغان ۋە باشقۇرىدىغان يۇقىرى قاتلاملىق ئاپپاراتلارنى قۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشى ۋە تەشكىللىي جەھەتتىن ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتتى. ئۈچىنچى، ئىلگىرىكى سىياسەت، قانۇن-نىزاملارنى تەڭشەپ، يېڭى قانۇن-نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ياخشى تەرەققىيات مۇھىتى يارىتىپ بەردى. تۆتىنچى، ئۇچۇرلاشتۇرۇش تۈرلىرى كۆرسەتكۈچىنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، كارخانىلارنىڭ مەبلەغ سېلىشىغا ئۇچۇر جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلدى، ھەم ئاساسلىق، ئاچقۇچلۇق، يېتەكچى خاراكتېرلىك ئۇچۇرلاشتۇرۇش تۈرلىرىگە مەبلەغ سېلىش سالمىقىنى ئاشۇردى. ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى ئىقتىساد ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئالغا سۈردى.

ئۇچۇرلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە، بىز ئانچە كېچىكىپ قالمىدۇق، بىرقانچە يىلدىن بېرى، دۆلەت ئىقتىسادىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش بىرلەشمە يىغىنىدا ”ئالتۇن كۆۋرۈك“، ”ئالتۇن كارتوچكا“، ”ئالتۇن تاموژنا“، ”ئالتۇن باج“ قاتارلىق بىر يۈرۈش ”ئالتۇن“ قۇرۇلۇشلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدىن تارتىپ گوۋۇيۈەن ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مەملىكەتلىك ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ دۆلەتنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشىغىچە، مەملىكىتىمىزنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، ياخشى تەرەققىيات مەنزىرىسىنى نامايان قىلدى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلغاندا شۇنى كۆرەلەيمىزكى، بىزنىڭ ئالدىمىزدا ھەم ياخشى تەرەققىيات پۇرسىتى ۋە پايدىلىق شارائىت بار، ھەم جىددىي سىناق ۋە پايدىسىز ئامىللار بار. ئەگەر بىز ئۇچۇرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاز ئۇچرايدىغان پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، كېيىن قالغانلارغا خاس ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرالىساق، ئىقتىسادنىڭ ياسقۇچتىن

هالقىغان هالدا تېز تەرەققىي قىلىشىنى ھەم جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىكى خىزمەتلەرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز. يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا مۇنداق دەپ توغرا ئېيتتى: ”پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش-تۇتالماسلىق ئەزەلدىنلا ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ گۈللىنىشى-خاراب بولۇشى، ۋۇجۇدقا چىقىشى-مەغلۇپ بولۇشىغا بېرىپ تاقىلىدىغان زور مەسىلە بولۇپ كەلدى. ئىلگىرى بىز مۇھىم تارىخىي پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتتۇق، بەزى پايدىلىق پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپمۇ قويدۇق. ھازىر پۈتۈن پارتىيە چوقۇم يۈكسەك دەرىجىدە ئاگاھ بولۇپ، ئەسىر ئالمىشىش مەزگىلىدىكى تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يېڭى قەدەم تاشلىشى لازىم.“ بىز چوقۇم مۇشۇ يوليورۇق بويىچە، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي خەلق ئىگىلىكىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىشىمىز لازىم.

## دۆلەت ئەھۋالىنى توغرا تونۇپ ۋە ئىگىلەپ، ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش لازىم

ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ جۇڭگوچە يولىنى ئىزدەپ تېپىش، ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى تۈزۈش، ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەشتە، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق چۈشىنىش لازىم. بۇ—ئۆزىمىزنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش يولىدا مېڭىشىمىزدىكى بىرىنچى مۇھىم مەسىلە. دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرماقتا، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئېلىمىز ئىقتىسادىنىڭ، جۇملىدىن سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ۋە ئۈچىنچى كەسىپنىڭ ئاساسى دېگەندەك پۇختا ئەمەس، ئۇنى يەنىلا تېزراق تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. دۆلىتىمىز گەرچە ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى باشلىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇچۇر تېخنىكىسى سەۋىيىسى يەنىلا بىرقەدەر تۆۋەن، ئۇچۇر كەسپى يەنىلا بىرقەدەر ئاجىز، ئۇچۇر ساھەسىدىكى ئاساسىي مۇئەسسەسە تېخى مۇكەممەللەشمىدى، ئۇچۇر بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش ئەمدىلا باشلاندى. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئېلىمىزنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يەنىلا باشلىنىش مەزگىلىدە تۇرماقتا. بۇ مەزگىلدە، ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغان قوش ۋەزىپىگە دۇچ كەلمەكتە: بىرىنچى، ئۇچۇر تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۇنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ تەڭشىلىشىنى ۋە كەسىپ قۇرۇلمىسى، مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىككى تۈپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشنى تېزلىتىش، ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھەر ساھە-ھەر كەسىپنىڭ جۈملىدىن سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ھەم ئۈچىنچى كەسىپنىڭ تېخىمۇ

تېز، تېخىمۇ ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ئىككىنچى، ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپە سۈپىتىدە كۆنتەرتىپكە قويۇپ، ئۇچۇر تېخنىكىسى ۋە ئۇچۇر كەسپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنى ئىقتىسادنىڭ يېڭى يۈكسىلىش نۇقتىسىغا ئايلاندۇرۇش، دۆلەتنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان پەرقىنى كىچىكلىتىپ، پۈتۈن يەر شارىنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قەدىمىگە يېتىشىۋېلىش، پۈتۈن يەر شارىنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇشى بىلەن تەڭ قەدەمدە مېڭىش سەۋىيىسىگە يېتىش لازىم.

يۇقىرىقى تونۇشقا ئاساسەن، بەش يىللىق ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەت ئارقىلىق، بىز دۆلەتنى ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ تەبىرىنى ۋە دۆلەتنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش سىستېمىسىنىڭ ئالتە ئامىلىنى بەلگىلىدۇق (دۆلەتنى ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ تەبىرى ۋە دۆلەتنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش سىستېمىسىنىڭ ئالتە ئامىلىنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا، «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 1997-يىللىق 9-سانىنىڭ 16—17-بەتلىرىگە قاراڭ)؛ دۆلەتنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ۋە 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن كۆرەش نىشانى ھەم ئاساسىي ۋەزىپىسىنى ئايدىڭلاشتۇردۇق؛ ”بىر تۇتاش پىلانلاش، دۆلەتنى يېتەكچى قىلىش؛ ئۆلچەمنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ھەمكارلىشىپ قۇرۇش؛ ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇش، بايلىقتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش“ دېگەن ئاساسىي فاڭجېن ھەم سەككىز تۈرلۈك پرىنسىپنى تۈزۈپ چىقتۇق؛ ئېلىمىزنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي لايىھىسىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈردۇق. بۇ ئومۇمىي لايىھە ئېلىمىزنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئەمەلىيىتىنىڭ يىغىنچاقلىنىشى، يەكۈنى ۋە جەۋھىرى بولۇپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ بىردەك ھىمايە قىلىشىغا ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ماختىشىغا ئېرىشىپ، ھەرقايسى ئۆلكە-شەھەر، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا غايەت زور يېتەكچىلىك ۋە تۈرتكىلىك رولىنى ئوينىدى. باشلانغان ۋاقىتتىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، نۆۋەتتىكى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى:

—ئۇچۇرلاشتۇرۇش ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشىپ، مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويۇلدى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ئارقا-ئارقىدىن ئۇچۇرلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۆز جايىنىڭ ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆلكىنى گۈللەندۈرۈش، شەھەرنى كۈچەيتىشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرى قىلىپ بېكىتتى، بۇ، جايلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشتە پائال رول ئوينىدى؛ ھەرقايسى تارماقلار ئۇچۇردىن پايدىلىنىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلەتتى، بۇ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور رول ئوينىدى.

—”ئالتۇن“ قۇرۇلۇشلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىدا، ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات جەريانىدىكى جىددىي

www.uyghurkitap.com

ئېھتىياج چىڭ تۇتۇلغاچقا، دەسلەپكى ئۈنۈمى كۆرۈلۈپ، روشەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم قولغا كەلدى، ماكرو ئىگىلىكنى تەڭشەش-تىزگىنلەش جەريانىدا ئۈنۈملۈك، پائال رول ئوينىدى.

—خەلقئارالىق تۇتاشتۇرۇش تورىنى باشقۇرۇش روشەن دەرىجىدە كۈچەيتىلىپ، ئۇچۇر بىخەتەرلىكى ۋە تور بىخەتەرلىكى مەسىلىسى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كەڭ ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشتى، ھېسابلاش ماشىنىسى ئۇچۇر تورىنى خەلقئاراغا تۇتاشتۇرۇش ئىشى ساغلام، تەرتىپلىك تەرەققىيات يولىغا قەدەم قويماقتا.

—ئۇچۇرلاشتۇرۇش پوچتا-تېلېگراف، ئېلېكترون ۋە رادىئو-تېلېۋىزىيە كەسىپلىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى كۈچلۈك ھالدا ئالغا سۈرۈپ، ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىشى ۋە ئۇچۇر مۇلازىمەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ يېڭى يۈكسىلىش نۇقتىسى بولۇپ شەكىللەنمەكتە.

قىسقىسى، كۆپ يىل كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، ئېلىمىزنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا خۇشاللىنارلىق ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتىدە، ئۇچۇرلاشتۇرۇش باشلانغان مەزگىلدىكى ئەمەلىيەت ۋە تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قانۇنىيىتىنى چوڭقۇر تونۇش بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ياخشى يېتەكلىشىمىزگە ۋە ئىلگىرى سۈرۈشىمىزگە پايدىلىق. تۆۋەندىكى بىرقانچە چۈشەنچىمىز ئەمەلىيەتتىن يەكۈنلىنىپ چىقىرىلغان بولۇپ، دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن، بىزنىڭ ئەستايىدىل ئويلىنىشىمىزغا ئەرزىيدۇ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا داۋاملىق تۈردە بۇ چۈشەنچىلەر بويىچە ئىش قىلىشىمىز لازىم.

**بىرىنچى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈش يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇش لازىم.** ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۇچۇرلاشتۇرۇشتىن ئايرىلالمايدۇ، تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى تېزلىتىلىۋاتىدۇ، ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى بولسا ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا تېخىمۇ زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ئىش. خەلقئارادىكى ئۇچۇرلاشتۇرۇش دولقۇنىمۇ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىمۇ ئۇچۇرلاشتۇرۇشقا كۈنسايىن جىددىي تەلەپ قويۇۋاتىدۇ. ئىقتىساد قانچە ئارقىدا قالغانسېرى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىشتە، ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى شۇنچە تېزلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئىككىسى بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، بۇلارنى زورمۇزور ئايرىۋېتىش ئەمەلىيەتكە سىغمايدۇ، چوقۇم ئۇلارنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تېپىپ چىقىپ، مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ سەكرەش شەكلىدىكى تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

**ئىككىنچى، بىر تۇتاش پىلانلاش، ھەمكارلىشىپ قۇرۇشتىن ئىبارەت يېتەكچى ئىدىيىدە چىڭ تۇرۇش لازىم.** بىر تۇتاش پىلانلاش، ھەمكارلىشىپ قۇرۇش ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ

بىرشىنىڭ ھالقىسى، بۇنداق قىلغاندا، تارماقلار ئۇتتۇرىسىدىكى، رايونلار ئۇتتۇرىسىدىكى، ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى ئۇتتۇرىسىدىكى، قوللانغۇچى ئورۇنلار بىلەن كەسىپلەر ئۇتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ئۇنۇملۇك ھالدا تەڭشەپ، بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا سىستېما قۇرۇۋالىدىغان زىددىيەتنى تۈگەتكىلى، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارغا تۇتۇش قىلىپ، ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

**ئۈچىنچى، ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ ئۇچۇر كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈشتىن ئىبارەت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش لازىم.** ئۇچۇرلاشتۇرۇش غايەت زور ئۇچۇر بازارلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئۇچۇر كەسپىنى تەرەققىيات پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. ئۆز ئېلىمىزدە بولغان، دۆلەتنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تىرەپ تۇرالايدىغان ئۇچۇر كەسپىنى قۇرۇپ چىقىش-چىقالماسلىق دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ مەنپەئىتى ۋە بىخەتەرلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش. بىز ئۇچۇرلاشتۇرۇش بىلەن كەسىپ تەرەققىياتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇچۇر كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىپ بېرىشىمىز كېرەك. بۇ—بىزنىڭ ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇشىمىز شەرت بولغان ئاساسىي پرىنسىپ.

**تۆتىنچى، قوللىنىشنى تۇتۇش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش لازىم.** ئۇچۇرلاشتۇرۇش ماھىيەتتە ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى قاتلاملاردىكى قوللىنىلىشىنى ئۇزلۇكسىز كېڭەيتىشتىن ئىبارەت. قوللىنىشنى نىشان قىلىپ، تەتقىقات بىلەن تەرەققىيات، ياساش بىلەن قوللىنىش ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەن مېخانىزمنى بەرپا قىلىش كېرەك. قوللىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى نىشانى قىلىپ، قوللىنىش بىلەن كەسىپ تەرەققىياتى بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

بىز ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، تونۇش، يەنە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، يەنە تونۇش ئارقىلىق، ئۇزلۇكسىز ئىزدىنىپ يىغى ۋەزىيەتتىكى ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئىگەللەپ، ئۇچۇرلاشتۇرۇشنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

## ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئومۇمىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە ئىستراتېگىيىلىك مەسىلىنى ئالاھىدە ياخشى تۇتۇش كېرەك

ئەسىر ئالمىشىۋاتقان ھالقىلىق پەيتتە، بىز پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇ-

www.uyghurkitap.com

رۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى ئەھۋاللارنى ئىگەللەپ، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ، مەملىكىتىمىز ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي لايىھىسىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىشىمىز ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز لازىم. بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىگە قويۇلغان ئومۇمىي تەلەپ: پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ”ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى ئۆزگەرتىش ۋە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش، يېڭى كەسىپلەرنى ۋە يۇقىرى تېخنىكا كەسىپلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇچۇرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش“ ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىساد قۇرۇلمىسىنى، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تېخنىكىلىق تەدبىرلەر ۋە كاپالەتلەندۈرۈش ۋاستىلىرى بىلەن تەمىن ئېتىش، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىياتى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يۈكسىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت.

مەملىكىتىمىز ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ كۆرەش نىشانى: بىرىنچى قەدەمدە، 2000-يىلغىچە مەلۇم كۆلەمدىكى ۋە بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان دۆلەتنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈش؛ ئىككىنچى قەدەمدە، 2010-يىلغىچە مۇكەممەل، خېلى كۆلەمگە ئىگە، ئىلغار بولغان دۆلەتنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت. ھەر بىر تەرەققىيات باسقۇچىدا، ئۇچۇر بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىش، دۆلەت ئۇچۇر تورى قۇرۇلۇشى، دۆلەتنى ئۇچۇرلاشتۇرۇشقا ئائىت چوڭ قۇرۇلۇشلار، ئۇچۇر تېخنىكىلىرىنى كېڭەيتىش، قوللىنىش، ئۇچۇر كەسپى تەرەققىياتى، ئۇچۇرلاشتۇرۇشقا ئائىت سىياسەت، قانۇن-نىزام قۇرۇلۇشى ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇشتىكى ئىختىساسلىق خادىملار قوشۇنى قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە، شۇ ۋاقىتتىكى دۆلەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات تەلىپىگە ماس كېلىدىغان نىشان ۋە كونكرېت ۋەزىپىلەر بار.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئومۇمىي تەلەپ بويىچە 2000-يىلغىچە ۋە 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، چوقۇم دۆلەتنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىرقانچە ئىستراتېگىيىلىك مەسىلىنى نۇقتىلىق ھالدا ياخشى ھەل قىلىش كېرەك:

**بىرىنچى، ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ بوسۇش ئېغىزىنى توغرا تاللاش لازىم.** ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇشقا قويغان تەلىپى ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ساھەلەر بويىچە ئۇچۇرلاشتۇرۇش، رايونلار بويىچە ئۇچۇرلاشتۇرۇش ۋە كارخانىلار بويىچە ئۇچۇرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتىن ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ بوسۇش ئېغىزىنى تېپىپ چىقىش كېرەك. ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ تۈپ مەقسىتى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت، ئۇچۇرلاشتۇرۇش

قۇرۇلۇشىنى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، نۆۋەتتىكى ھالدا خەلق ئىگىلىكىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. دۆلەتنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى ئومۇمىي پىلانى ۋە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئوخشاش بولمىغان كەسىپ، ئوخشاش بولمىغان كۆلەم، ئوخشاش بولمىغان تېخنىكا سەۋىيىسىدىكى بىرقانچە كارخانىنى تاللاپ، كارخانىلار بويىچە ئۇچۇرلاشتۇرۇشنى نۆۋەتتە سىناق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇش سەۋىيىسى، تېخنىكا سەۋىيىسى ۋە رىقابەت ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم. ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى تېخنىكا جەھەتتىن بىرلىششىنى، كەسپىي جەھەتتىن بىرلىششىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەنئەنىۋى پىلان تۈزۈلمىسى بولسا كۆپ ھاللاردا مەمۇرىي تارماقلار ياكى رايونلار بويىچە خىزمەت ساھەسىنى ئايرىيدۇ. بۇ خىل سۇنئىي بۆلۈنۈشنى بۇزۇپ تاشلاش ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتىغا پايدىلىق. دۆلەتنى ئۇچۇرلاشتۇرۇشقا ئائىت چوڭ قۇرۇلۇشلارنىڭ يولغا قويۇلۇشىدىكى تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، كەسپىي ئىشلار مەزمۇنى ۋە كەسپىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى جەھەتتە بىر-بىرىگە ئالاقىدار بولغان تارماقلار ۋە كەسپلەرنى، مەسىلەن، پۇل مۇئامىلىسى، مالىيە-باج، تاشقى سودا قاتارلىق سىستېمىلارنى ساھەلەر بويىچە ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈپ، ماكرو ئىگىلىكنى تەڭشەش-تىزگىنلەشتە كۆرۈلگەن چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ ھەل قىلىش كېرەك؛ رايونلار بويىچە ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى جەھەتتە بىر-بىرىگە يېقىن بولغان رايونلارنىڭ، مەسىلەن، چاڭجياڭ دەرياسى دېلتىسى رايونى، جۇجياڭ دەرياسى دېلتىسى رايونى، بوخەي دېڭىزى قولتۇقى ئەتراپىدىكى رايونلار قاتارلىق رايونلارنىڭ مەمۇرىي رايون چېگرىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، رايونلار بويىچە ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، رايونلار ئىقتىسادىنىڭ ئۇستۇنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر يەرنىڭ شەرت-شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، رايونلار ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

**ئىككىنچى، ئۇچۇر بايلىقى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى ئىستراتېگىيىلىك بايلىق بولۇپ، ئۇچۇر بايلىقىنى ئېچىپ پايدىلىنىشنى يادرولۇق ئورۇنغا قويۇش لازىم.** ئۇچۇر ئىگىلىكىدە ئۇچۇر بايلىقىنىڭ ئورنى يېزا ئىگىلىكىدىكى تۇپراق، سانائەت ئىگىلىكىدىكى مەبلەغنىڭ ئورنى بىلەن باراۋەر كېلىدۇ. تۇپراق، مەبلەغ بايلىقىغا ئېتىبار بەرگەنگە ئوخشاش ئۇچۇر بايلىقىغا ئېتىبار بېرىش، زور كۈچ چىقىرىپ ئۇچۇر بايلىقىنىڭ ماددىي بايلىققا ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. دۆلەت ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىستراتېگىيىلىك ئۇچۇر بايلىقىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ، بىر تۈركۈم دۆلەت دەرىجىلىك چوڭ تىپتىكى سانلىق مەلۇمات ئامبارلىرىنى تېزدىن قۇرۇپ چىقىپ، ھۆكۈمەتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەدبىر كۆرۈشكە ئاساس سېلىپ بېرىدىغان ۋە جەمئىيەت ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان ئۇللۇق بايلىقنى شەكىللەندۈرۈشى؛ ئىقتىساد، پەن-تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە قاتارلىق ساھەلەردە ئۇچۇردىن كەڭ كۆلەمدە پايدىلىنىشنى رىغبەتلەندۈرۈپ، ئۇچۇر بايلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى؛ زور كۈچ بىلەن خەنزۇچە ئۇچۇرنى ئېچىپ، تورغا كىرگۈزۈپ قوللىنىشنى رىغبەتلەندۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى تەسىرىنى چوڭايتىشى لازىم.

**ئۈچىنچى، ئۇچۇر بايلىقنى ئېچىپ پايدىلىنىش بىلەن تور سىستېمىسى قۇرۇلۇشنى تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش لازىم.** ئۇچۇر تورى قۇرۇلۇشى بىلەن ئۇچۇر بايلىقنى ئېچىپ پايدىلىنىش — مەملىكىتىمىزنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئىككى ئاساسىي ۋەزىپە، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى يول بىلەن ماشىنىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشاش. ئۇچۇر تورى يولغا ئوخشايدۇ، ئۇچۇر بايلىقى ماشىنىغا ئوخشايدۇ. ماشىنا بولۇپ يول بولمىسا، ياكى يول بولۇپ ماشىنا بولمىسا، تېز سۈرئەتلىك ئۇچۇر يولى ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. مول ئۇچۇر بايلىقى بولغاندا، تور سىستېمىسىدىن تولۇق پايدىلانغىلى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ؛ ھەر تەرەپكە تۇتاشقان تېز سۈرئەتلىك، كەڭ چاستوتا بەلبېغلىق تور سىستېمىسى بولغاندا، ئۇچۇر بايلىقىدىن كەڭ دائىرىدە ئورتاق بەھرىمەن بولۇشقا ۋە تولۇق پايدىلىنىشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ. ئۇچۇر تورى قۇرۇلۇشنى پىلانلىغاندا ئۇچۇر بايلىقنى ئېچىپ پايدىلىنىش كۆلىمىنى ئاساس قىلىش، ئۇچۇر بايلىقنى تورغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىش لازىم؛ ئۇچۇر بايلىقنى ئېچىپ پايدىلىنىشتا، تور سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنىڭ سەۋىيىسى ۋە ئىقتىدارىنى نەزەرگە ئېلىش لازىم. ئىككىسى بىر-بىرىنى بازار ئېھتىياجى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، بىر-بىرىنى تەرەققىيات شارائىتى بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، شۇڭا بىر تۇتاش پىلانلاشنى ياخشىلاپ، تەڭكەش تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

**تۆتىنچى، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشتە چىڭ تۇرۇش، خەلقئارالىق ئۇچۇر تورى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغاندا زۆرۈر بولغان مۇستەقىللىقنى قەتئىي ساقلاپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش لازىم.** ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشتە چىڭ تۇرۇپ، خەلقئارالىق ئۇچۇر تورى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ، پايدىلىق ئۇچۇرلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەملىكىتىمىزنىڭ خەلقئارالىق بىرلەشمە ئۇچۇر تورىدىكى زۆرۈر بولغان مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ، دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىشىمىز كېرەك. بۇ ئىككىسى بىر-بىرىگە زىت كەلمەيدۇ. ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش رىقابەت داۋامىدا ئەمەلىي كۈچنى ئاشۇرۇپ، مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشتا تېخىمۇ ياخشى چىڭ تۇرۇشقا پايدىلىق؛ مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشتا چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن ئېچىۋېتىش شارائىتىدا چىڭ پۇت تىرەپ تۇرۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن باراۋەر ئالاقە قىلغىلى بولىدۇ.

مۇناسىپ قائىدە-نىزاملارنى تۈزۈپ، باشقۇرۇش ۋە نازارەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؛ خەلقئارالىق ئۇچۇر تورى بىلەن تۇتاشتۇرۇشتا بىخەتەرلىك تەدبىرىنى كۈچەيتىپ، تور سىستېمىسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلاش تېخنىكىسى ۋە يېڭى مەھسۇلاتلارنى كەشىپ قىلىش جەھەتتە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك؛ تەربىيىنى كۈچەيتىپ، پۈتۈن خەلقنىڭ ئۇچۇر بىخەتەرلىكى ئېڭىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

**بەشىنچى، ئۇچۇرلاشتۇرۇش ساھەسىدىكى ئىختىساسلىق خادىملار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈش — ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى.** ئۇچۇر دەۋرىدە ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى جەھەتتىكى رىقابەت، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئىختىساسلىق خادىملار جەھەتتىكى رىقابەتتۇر. ئىختىساسلىق خادىملار مەسىلىسى مەملىكىتىمىزنىڭ ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش، شۇڭا بۇ ئىشنى بالدۇرراق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. ئۇچۇرلاشتۇرۇش ساھەسىدىكى ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش پىلانىنى تۈزۈپ، ئۇچۇرلاشتۇرۇش ساھەسىدىكى ئىختىساسلىق خادىملار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش كېرەك؛ كۆپ خىل مېخانىزملاردىن پايدىلىنىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئۇچۇرلاشتۇرۇش ساھەسىدىكى تۈرلۈك ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش كېرەك؛ ئالاھىدە سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، ئۇچۇرلاشتۇرۇش ساھەسىدىكى ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشىگە ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك.

ئۇچۇرلاشتۇرۇش بىر تۈرلۈك يېپيېڭى ئىش. ئىشنىڭ بېشى ئوبدان باشلاندى، لېكىن ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ۋەزىپە ئېغىر، مەنزىل يىراق، يەنىلا ئۇزاق مۇددەت، جاپالىق تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز ئومۇمىيلىقنى ئىگەللەپ، ئىشنى كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئىزچىل تىرىشىپ ئىشلەپ، ئاكتىپ، تەشەببۇسكار قىياپەت بىلەن، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۇچۇرلاشتۇرۇشنىڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى داۋاملىق مۇستەھكەملەپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيى روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە جۇڭگوچە ئۇچۇرلاشتۇرۇش يولىنى تىرىشىپ ئىزدەپ تېپىپ، ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشىمىز لازىم.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: خۇدابەردى خېلىل**
**ئادالەت مۇھەممەت**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# يېڭى ئەسىرگە قاراپ چوڭ قەدەم تاشلايلى

## —— 9-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1-يىغىنى ۋە 9-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 1-يىغىنىنىڭ يىپىلغانلىقىنى تەبرىكلەيمىز

### باش ماقالە

9-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنى ۋە جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 9-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ 1-يىغىنى ئالدىن بەلگىلەنگەن تۈرلۈك قارارلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ، غەلبىلىك يىپىلدى. «ئىككى يىغىن» چاقىرىلىش مەزگىلىدە، پۈتۈن مەملىكەت قاينام-تاشقىنلىققا چۆمدى، خەلق ئاممىسى ئۆتكەنكى بەش يىلدا قولغا كەلتۈرگەن پارلاق نەتىجىلەرنى ئەسلەپ، ئەسىر ھالقىيدىغان كەلگۈسى پارلاق ئىستىقبالغا نەزەر سېلىپ، قاتتىق ھاياجانلاندى، چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدى. «ئىككى يىغىن» خەلقنىڭ ئارزۇسى ۋە يۈرەك ساداسىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. بىز «ئىككى يىغىن»نىڭ تولۇق نەتىجە بىلەن يىپىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!

بۇ يىلقى «ئىككى يىغىن» نۆۋەت ئالماشتۇرىدىغان يىغىن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ ۋە رىغبەتلەندۈرۈپ، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرىدىغان ۋە ئەمەلىيلەشتۈرىدىغان يىغىن. 9-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى، دۆلەت پىلانى ۋە خامچوت دوكلاتى ھەم باشقا تۈرلۈك دوكلاتلارنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى، گوۋۇيۈەن ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنىڭ لايىھىسىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى. قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى ۋە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزدى، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، قايتا-قايتا كېڭىشىش، قايتا-قايتا مۇزاكىرە قىلىش، مۇقەددەس دېموكراتىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، يېڭى نۆۋەتلىك دۆلەت رەھبەرلىرىنى ۋە سىياسىي كېڭەش رەھبەرلىرىنى سايلاپ چىقتى ۋە ۋەزىپىگە تەيىنلىدى. بۇنىڭ بىلەن، ئىدىيىنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ،

كۆچنى ئۈيۈشتۇرۇپ، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، ئۆتكەن ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلارغا ئاساس سېلىپ، پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا بېكىتىلگەن ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشاننى ۋە ۋەزىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتتى.

9-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1-يىغىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىغان ھۆكۈمەت خىزمىتى دوكلاتى راستچىللىق-ئەمەلىيەتچىللىك روھى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ، كىشىلەرنى روھلاندۇرۇپ، ئالغا ئىنتىلدۈرىدۇ. نىشان بېكىتىلىپ، ۋەزىپە ئايدىڭلاشتى، ئەمدى ئىشنىڭ ئاچقۇچى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشتا.

"ئىككى يىغىن"نىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، ئەڭ مۇھىمى ئىقتىسادىي خىزمەتنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش. ئىقتىسادىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشتە، ئالدى بىلەن نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى توغرا تەھلىل قىلىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىش، غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلەش ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇش لازىم. نۆۋەتتىكى ئومۇمىي ئىقتىسادىي ۋەزىيەت ياخشى. يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، سالماقلىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرغانلىقتىن، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىدا ئىجابىي ئۆزگىرىش بولدى. ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا بىزنى ئۇزاقتىن بۇيان چىرماپ كېلىۋاتقان چوڭ داۋالغۇش بولۇپ تۇرۇش ھالىتىگە خاتىمە بېرىلىپ، ئىقتىساد ئىزچىل تەرەققىي قىلىدىغان ۋە "ئىقتىسادنىڭ يۇكسىلىش نىسبىتى يۇقىرى، پۇلنىڭ پاخاللىشىش نىسبىتى تۆۋەن" بولغان ھالەت بارلىققا كەلدى؛ بازاردا تۈپ ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپ، تاۋار قىسچىلىقى تۈگەپ، سېتىۋالغۇچىلار بازىرى بارلىققا كەلدى؛ ئىسلاھات چوڭقۇرلىشىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش نىشانىغا قاراپ چوڭ بىر قەدەم تاشلاندى؛ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى پۇل مۇئامىلە كرىزىسى ۋە شۇ سەۋەب بىلەن پۈتۈن يەر شارىنىڭ پۇل مۇئامىلە بازىرىدا يۈز بەرگەن داۋالغۇشنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىلىپ، دۇنياغا ئېلىمىز ئىقتىسادىي كۈچى نامايان قىلىندى. بۇلار ئېلىمىز ئىقتىسادىنىڭ بۇ يىللىق ئېشىش سۈرئىتىنى 8 پىرسەنتكە يەتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىشتا ھەم بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھازىر خېلى كۆپ دۆلەت كارخانىلىرى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشتا قىيىنلىشىۋاتىدۇ، ئىش ئورنىدىن قالغانلار ۋە ئىشسىز قالغانلار كۆپىيىۋاتىدۇ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمى چوڭىيىۋاتىدۇ، مانا بۇ مەسىلىلەرنىڭ بەزىلىرى كۆپ يىللاردىن بېرى يىغىلىپ قالغان، بەزىلىرى ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات جەريانىدا پەيدا بولغان. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا قارىتا ئېنىق فاڭجېن، سىياسەت ۋە تەدبىرى بار. ئىشىنىش لازىمكى، ئاز كەم 20 يىللىق ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ نەتىجىلىرى ۋە تەجرىبىلىرىنى ئاساس قىلغان، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى

پارتىيىنىڭ 3-ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىگە ئىگە بولغان، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىۋاتقان يەردە، ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئارقىلىق بۇ مەسىلىلەرنى چوقۇم پەيدىنپەي ھەل قىلىپ كېتەلەيمىز. بىز بۇ يىلقى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا كۆزلىگەن ۋەزىپىنى چوقۇم ئورۇنداپ كېتەلەيمىز، شۇنداقلا ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشانىنىمۇ چوقۇم ئىشقا ئاشۇرالايمىز.

ئاپپارات ئىسلاھاتىنى ياخشى ئىشلەش— "ئىككى يىغىن"نىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، ھەم ئىقتىسادىي خىزمەتنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. گوۋۇيۈەن ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنىڭ لايىھىسى 9-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1-يىغىنىدا ماقۇللاندى، ئۇ يولغا قويۇلۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ— پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى بىر مۇھىم تەدبىر. ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار بۇ قېتىمقى ئاپپارات ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇشى لازىم. ئېلىمىزدىكى ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ ھازىرقى قۇرۇلمىسى، فۇنكسىيىسى ۋە تۈزۈلمىسى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى شارائىتىدا پەيدىنپەي شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن بولغان زىددىيىتى كۈندىن-كۈنگە گەۋدىلىنەمەكتە. ئاپپاراتلارنىڭ كېلەڭسىز بولۇشى، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنىڭ ئايرىلماسلىقى بيۇروكراتلىقنى پەيدا قىلدى، ناتوغرا ئىستىللارنى ئەۋج ئالدۇردى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلدى، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزدى، ھەم دۆلەت ۋە ئاممىغا ئېغىر يۈك پەيدا قىلدى. ئاپپارات ئىسلاھ قىلىنمىسا، ئىللەتلەر تۈگىتىلمىسە، ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش ناھايىتى تەس بولىدۇ، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ھەقىقىي ئايرىۋېتىشمۇ ناھايىتى تەس بولىدۇ، بۇنداقتا دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ بازارغا يۈزلىنىشى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئورنىتىلىشى تەسكە چۈشىدۇ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى تېخىمۇ چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ، بىز كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلىشىۋاتقان خەلقئارا رىقابەتتە يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرالمايمىز. ئاپپارات ئىسلاھاتى بىر مەيدان ئىنقىلاب، ئۇنىڭدا توسقۇنلۇق ۋە خەتەرنىڭ بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، بىراق ئىسلاھات قىلماي بولمايدىغان ئىش، ئىسلاھات ئېلىپ بارماي چىقىش يولى يوق. ھازىر شارائىت ھازىرلاندى، پۇرسەت پىشىپ يېتىلدى. نۆۋەتتە، ئېلىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ياخشى، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىمىز ئىلگىرىكىدىن ئاشقان، جەمئىيەت سىياسىي جەھەتتە مۇقىم، جەمئىيەتنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارى بىرقەدەر كۈچلۈك، ھەرقايسى تەرەپلەردە ئاپپارات ئىسلاھاتىغا قارىتا پەيدىنپەي ئورتاق تونۇش شەكىللەنمەكتە. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ بۇ قېتىمقى ئاپپارات

ئىسلاھاتقا بولغان ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇپ، قەتئىي ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، بۇ ھال بۇ قېتىمقى ئاپپارات ئىسلاھاتىنىڭ خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى، خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىسلاھات جەريانىدا ھەم پائال بولۇش ھەم پۇختا بولۇش فاكىتىنىدا چىڭ تۇرۇپ، تەشكىلنىي رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، خىزمەتنى سەۋرچانلىق-ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەپ، ئىدىيە جەھەتتە چېچىلاڭغۇ بولماسلىق، تەرتىپ بۇزۇلۇپ كەتمەسلىك، كىشلەرنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، خىزمەتنى نورمال يۈرۈشتۈرۈش تەلپىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. ھەر دەرىجىلىك كادىرلار بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار ئومۇمىيلىق كۆزقارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئورنى ۋە ۋەزىپىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە توغرا مۇئامىلە قىلىشى، بۇ قېتىمقى ئىسلاھاتنى ئېغىزدىلا ئەمەس، ھەرىكىتىدە ھىمايە قىلىشى، قوللىشى، ئىسلاھات ئومۇمىيىتىگە چىن دىلدىن، سۆز بىلەن ھەرىكەتنى بىردەك بولغان ھالدا قەتئىي بويسۇنۇشى، تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى قوبۇل قىلىشى لازىم.

"ئىككى يىغىن"نىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كەڭ كادىرلار بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلاردىن ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش، ئىستىلنى ياخشىلاش، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەش، يېڭىلىق يارىتىش، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، پۈتۈن پارتىيىدە قوزغالغان دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش يېڭى دولقۇنىدا ئۈلگىلىك رول ئويناش لازىم. تۆۋەتتە، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە "ئىككى يىغىن" ھۆججەتلىرىنىڭ روھىنى ھەقىقىي ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش كېرەك. نەزەرىيە ئۆگىنىشنى تارىخىي ئەمەلىيەتنى چۈشىنىش، تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش بىلەن، پارتىيىنىڭ زور فاكىتىن-سىياسەتلىرىنى ۋە باشقا بىلىملەرنى بولۇپمۇ ھازىرقى زاماندىكى يېڭى تەرەققىياتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھەر خىل يېڭى بىلىملەرنى ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىنقىلابىي نەزەرىيە ۋە ھەر خىل بىلىملەر بىلەن ئۆز كاللىسىنى ئۈزلۈكسىز قوراللاندۇرۇشى ۋە تولۇقلىشى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ قانۇنىيىتىنى تىرىشىپ ئىگىلەپ، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش جەريانىدىكى ھەر خىل ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى كېرەك. راستچىل-ئەمەلىيەتچىل بولۇش، ئۆزى ئۈلگە بولۇش، قۇرۇق گەپ سانتىدىغان، "ئېيتىش ماھارىتى"گىلا ئېتىبار بېرىپ، "ئورۇنداش ماھارىتى"گە ئېتىبار بەرمەيدىغان شەكىلۋازلىق، رەسمىيەتچىلىك قاتارلىق ناچار ئىستىللاردىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش لازىم. خىزمەتنى ئىجادچانلىق بىلەن قانات يايدۇرۇپ، مەركەزنىڭ روھىنى ئۆز يېرى، ئۆز تارمىقىنىڭ ئەھۋالى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ئۆز پېتىچە كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئۆز پېتىچە يەتكۈزۈشكە، نېمە يېزىلغان بولسا، شۇنى ئوقۇپ بېرىشكە بولمايدۇ. ياخشى روھىي ھالەتنى ساقلاش، قەتئىي تەۋرەنمەي، جاسارەتلىك روھ بىلەن خىزمەتكە ئاتلىنىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش

قوْرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۇچۇن ئەمەلىي تۆھپە قوشۇش لازىم.

باھار شاملى ۋەتىنىمىزنىڭ كەڭ زېمىنىنى كۆكەرتتى، يېقىندا يېپىلغان ”ئىككى يىغىن“ بىزنى يېڭى سەپەرگە ئاتلىنىشقا ئۈندەيدۇ. بىز يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، دەۋرىمىزگە يېڭى سەھىپە يېزىپ قالدۇرۇپ، يېڭى ئەسىرگە چوڭ قەدەم تاشلايلى!

**تەرجىمە قىلغۇچى: خۇدابەردى خېلىل**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# پارلاق بەش يىل

## — ئېلىمىزنىڭ 1993-يىلدىن 1997-يىلغىچە ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى

شاۋ زۇڭمىڭ

بەش يىل ۋاقىت ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزۇن تارىخىي ئېقىمىدا پەقەتلا قىسقىغىنا بىر ۋاقىت. ھالبۇكى، ئەمدىلا ئۆتۈپ كەتكەن بەش يىل(1993—1997-يىل) يېڭى جۇڭگوغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تولىمۇ ئۇنتۇلغۇسىز، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ پەخىرلىنىشىگە ئەرزىگۈدەك بەش يىل بولدى. بەش يىلدىن بۇيان، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيە 14-قۇرۇلتىيى روھىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا، باش شۇجى جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى ئۈچىنچى ئەۋلاد پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ئاستىدا، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يەنە بىر يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويۇپ، پارلاق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. خەلق ئىگىلىكىدە چوڭ داۋالغۇشتىن ساقلىنىپ، ”ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى نىسبەتتە ئۆسۈشى، پۇلنىڭ پاخاللىشىش نىسبىتى تۆۋەن بولۇش“ ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ ئاساسلىق تاۋارلار بىلەن تەمىنلەش مىقدارى يېتەرلىك بولۇپ، ساتقۇچىلار بازىرى سېتىۋالغۇچىلار بازىرىغا ئۆتۈشتەك زور بۇرۇلۇش مەيدانغا كەلدى؛ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ ھەر تەرەپلىمىك، كۆپ قاتلاملىق، كەڭ ساھەلىك قۇرۇلمىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى؛ خەلقنىڭ تۇرمۇشى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھاللىق سەۋىيىگە قاراپ قەدەم تاشلىدى؛ ھەر تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلار ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلىدى.

## 1. خەلق ئىگىلىكىدە ”ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى نىسبەتتە ئۆسۈشى، پۇلنىڭ پاخاللىشىش نىسبىتى تۆۋەن بولۇش“ ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى

www.uyghurkitap.com

1992-يىلدىن بۇيان، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبتا قىلغان سۆزى ۋە پارتىيە 14-قۇرۇلتىيى روھىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى يېڭى بىر باسقۇچقا كىردى، پۈتۈن مەملىكەت مقياسىدا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىشنىڭ يېڭى دولقۇنى قوزغىلىپ، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكى يەنە بىر قېتىم تېز ئىلگىرىلەش يولىغا قەدەم قويدى. 1992-يىلى ئىقتىساد 14.2% ئاشتى، 1993-يىلى ئالدىنقى يېرىم يىلدا دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېشىش نىسبىتى 15%تىن يۇقىرى بولدى. ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كونا-يېڭى تۈزۈملەر بىرلا ۋاقىتتا تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاچقا، ئىقتىسادنىڭ ئىچكى چەكلەش مېخانىزمى تېخى تۇرغۇزۇلمىغان بولغاچقا، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى نىسبەتتە يۈكسىلىشى بىلەن بىرگە، ئىقتىسادىي ھەرىكەتتە مەبلەغ سېلىش مىقدارى يۇقىرى بولۇش، پۇل تارقىتىش مىقدارى يۇقىرى بولۇش، مال باھاسى يۇقىرى بولۇش، ئىمپورت مىقدارى يۇقىرى بولۇش ۋە پۇل مۇئامىلە تەرتىپى قالايمىقان بولۇش، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بازىرىنىڭ تەرتىپى قالايمىقان بولۇشتەك "تۆت يۇقىرى، ئىككى قالايمىقان بولۇش" ھادىسىسى كېلىپ چىقتى، خەلق ئىگىلىكى يەنە بىر قېتىم زىيادە قىزىپ كېتىشكە قاراپ يۈزلەندى؛ ئالدىنقى يېرىم يىلدا مۇقىم مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ 70.7% ئاشتى، مالنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى ئومۇمىي سەۋىيىسى 13.9% ئۆرلىدى، پولات ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسى ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 61.8% ئاشتى، پۇل ئوبوروت مىقدارى (Mo) 54% ئاشتى.

ئىقتىساد زىيادە قىزىپ كېتىش يۈزلىنىشىنىڭ يەنە بىر قېتىم كېلىپ چىققانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەن 1993-يىلى كېيىنكى يېرىم يىلدا ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى 16 تۈرلۈك تەدبىرنى ئۆز ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، پۇل مۇئامىلە تەرتىپىنى رەتكە سېلىپ، ئۆي-زېمىن، ئاكسىيە ۋە باھا قاتارلىقلارغا بولغان باشقۇرۇشنى، پۇل ۋە كرېدىت ئۈستىدىكى كونترول قىلىشنى، مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىگە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىقتىساد زىيادە قىزىپ كىتىش ئامىللىرىنى تۈگەتتى. 1994-يىلدىن بۇيان مەركەز "پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش" فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇۋاپىق قىسىش ئاساسىدىكى ماكرو ئىگىلىك سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، تەڭشەش جەريانىدا ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇردى، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى، ئىسلاھات- ئېچىۋېتىش جەريانىدا ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈردى، ئارقا-ئارقىدىن مالىيە-باج، پۇل مۇئامىلە، تاشقى پېرېۋوت، تاشقى سودا، مەبلەغ سېلىش قاتارلىق ساھەلەردىكى ماكرو تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەمدە ئۆسۈم پىرسەنتى، باج نىسبىتى، باھا ۋە قانۇن ۋاستىلىرىدىن جانلىق

پايدىلىنىپ ماكرو ئىگىلىكنى تەڭشەپ تىزگىنلىدى، پۇل پاخاللىقىنى توساش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىنى ساقلاپ قالدى ۋە ئىلگىرى سۈردى. 1996-يىلى "سىلىق تەڭشەش" دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، چوڭ داۋالغۇشنىڭ ئالدى ئېلىندى، ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىش نىسبىتى 9.6% كە چۈشۈپ، 8% تىن 10% كىچە بولغان مۇۋاپىق يۈكسىلىش نىسبىتى ساقلاپ قېلىندى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باھانىڭ ئۆرلەش نىسبىتى داۋاملىق تۆۋەنلەپ، مالنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسىنىڭ ئۆرلەش نىسبىتى 6.1% كە چۈشتى. 1997-يىلى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتى داۋاملىق ساقلاپ قېلىنىپ، مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان "سالماقلىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش" دېگەن تەلەپكە يەتتى. پۈتۈن يىللىق دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئۆتكەن يىلقىغا قارىغاندا 8.8% ئاشتى، بازار باھاسىنىڭ ئۆرلەش نىسبىتى داۋاملىق تۆۋەنلەپ، پۈتۈن يىل بويىچە تاۋارنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 0.8% ئۆرلىدى، ئاھالىلەرنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى 2.8% ئۆرلىدى، "ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىش نىسبىتى يۇقىرى، پۇلنىڭ پاخاللىشىش نىسبىتى تۆۋەن بولۇش"تەك ياخشى ۋەزىيەت شەكىللەندى.

خەلق ئىگىلىكىدە "ئىقتىسادنىڭ يۈكسىلىش نىسبىتى يۇقىرى، پۇلنىڭ پاخاللىشىش نىسبىتى تۆۋەن بولۇش"تەك ياخشى ۋەزىيەت ئوڭاي قولغا كەلمىگەن، ئۇ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى توغرا يولغا قويغانلىقنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3-ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ماكرو ئىگىلىكنى ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك، تەڭشەش-تىزگىنلەشتىكى ئىلمىيلىق ۋە ماھىرلىقىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلاشقانلىقىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ.

## 2. ماكرو ئىقتىسادىي مۇھىتتا ساتقۇچىلار بازىرىدىن سېتىۋالغۇچىلار بازىرىغا ئۆتۈشتەك زور بۇرۇلۇش بولدى

پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى شارائىتىدا، "كەمچىل ئىگىلىك" ئۇزاقتىن بۇيان بىزنى تەسلىككە سېلىپ كەلگەن، ساتقۇچىلار بازىرى ئىزچىل تۈردە يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەندى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، بولۇپمۇ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ئىقتىسادنىڭ ئىزچىل تېز راۋاجلىنىشىغا ۋە ئىسلاھاتنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئېلىمىزنىڭ تاۋاردىكى تەمىنلەش-تەلەپ مۇناسىۋىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولدى، ماكرو ئىقتىسادىي مۇھىتتا ساتقۇچىلار بازىرىدىن سېتىۋالغۇچىلار بازىرىغا ئۆتۈشتەك زور بۇرۇلۇش بولدى.

www.uyghurkitap.com

بەش يىلدىن بۇيان، ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىشى زور ھەجىمدە ئېشىپ، بازاردا تەمىنلەش كەڭتاشا بولدى. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشدا كەينى-كەينىدىن مول ھوسۇل ئېلىندى، 1997-يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 492 مىليون 500 مىڭ تونىنغا يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن ئاز كەم 50 مىليون توننا ئاشتى؛ پاختا 1997-يىلى 4 مىليون 300 مىڭ تونىنغا يەتتى. ئاشلىق، پاختىنىڭ زور ھەجىمدە ئېشىشى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشتىكى جىددىيلىك ئەھۋالىنىڭ كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىشى بازار باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى. 1997-يىلى ئاساسلىق ئۇل مەھسۇلاتلاردىن كۆمۈر، توك، ماي، پولات قاتارلىقلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ئايرىم-ئايرىم ھالدا 1 مىليارد 390 مىليون توننىغا، 1 تىرلىيون 132 مىليارد كىلوۋات سائەتكە، 160 مىليون توننىغا، 107 مىليون 570 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن ئايرىم-ئايرىم ھالدا 24.1%، 50.2%، 12.6%، 32.9% ئاشتى. بۇ ئۇل مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلەش مىقدارىنىڭ ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئېشىشى بازارنى تەمىنلەشتىكى جىددىيلىك ئەھۋالىنى پەسەيتىشكە ئاساس سېلىپ بەردى. نۆۋەتتە ئېلىمىزدىكى بازارلاردا مۇتلەق كۆپ قىسىم تاۋارلار تەمىنلەش بىلەن تەلەپ تەڭپۇڭلاشقان ياكى تەمىنلەش تەلەپتىن ئېشىپ كەتكەن ھالەتتە تۇرماقتا. 613 خىل ئاساسلىق تاۋار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتە ئېنىقلىنىشىچە، 1997-يىلى كېيىنكى يېرىم يىلدا، تەمىنلەش تەلەپنى قاندۇرالمايدىغان تاۋار پەقەت ئون خىللا بولۇپ، 1.6% نى ئىگەللەيدۇ، تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭ بولغان تاۋار 66.6% نى، تەمىنلەش تەلەپتىن ئېشىپ كەتكەن تاۋارلار 31.8% نى ئىگەللەيدۇ. ئۇزاقتىن بۇيان دۆلىتىمىزنى تەسلىككە سېلىپ كەلگەن تاۋار قىسلىق ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، بازاردا تەمىنات مول بولۇپ، ئىستېمالچىلارنىڭ تاللاش دائىرىسى روشەن ھالدا كېڭەيدى، ئېلىمىزدە دەسلەپكى قەدەمدە سېتىۋالغۇچىلار بازىرى شەكىللىنىپ، ماكرو ئىقتىسادىي مۇھىت كەڭتاشا بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقايسى تەرەپلەر ئاساسىي مۇئەسسەسەلەرگە قارىتا مەبلەغ سېلىش سالمىقىنى ئاشۇرغاچقا، بەش يىل ئىچىدە يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنىڭ سىغىمى 73 مىليون 140 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى، يېڭىدىن قۇرۇلغان تۆمۈريول ئاساسىي لىنىيىسىنىڭ قاتناش باشلانغان مۇساپىسى 6410 كىلومېتىرغا يەتتى، يېڭىدىن ياسالغان تېز سۈرئەتلىك تاشيول 4548 كىلومېتىرغا يەتتى. ئۇزاقتىن بۇيان ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى بوغۇپ كەلگەن ئېلېكتىر كۈچى، قاتناش-ترانسپورت، پوچتا-تېلېگراف قاتارلىق ”بوغما كەسىپ“لەرنىڭ چەكلىمىسى كۆرۈنەرلىك بوشاشتۇرۇلدى.

سېتىۋالغۇچىلار بازىرىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىشى ئېلىمىز ئىقتىسادىدا بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئورنىنى باسقانلىقىدىن،

---

ئىزدىنىش (تاللانما)

ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ماددىي ئاساسىنىڭ كۆرۈنەرلىك كۈچەيگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق.

## 3. ئىشكى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ ھەر تەرەپلىك، كۆپ قاتلاملىق، كەڭ ساھەلىك قۇرۇلمىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەندى

بەش يىلدىن بۇيان، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىشكى سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيىسى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى، ئىشكى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ ھەر تەرەپلىك، كۆپ قاتلاملىق، كەڭ ساھەلىك يېڭى قۇرۇلمىسى بارلىققا كەلدى، تاشقى ئىقتىسادىي ئالاقە تېخىمۇ جانلىنىپ، تاشقى ئىقتىساد، تاشقى سودىدا زور تەرەققىيات بارلىققا كەلدى.

ئىشكى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. 1992-يىلدىن بۇيان، مەملىكىتىمىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىشكى دۇنياغا كەڭ ئېچىۋېتىپ، ھەرقايسى ئۆلكە مەركەزلىرى ۋە باشقا بەزى شەھەر، رايونلارنىڭ ئىشكىنى ئېچىۋېتىشنى، چېگرا رايونلاردا ئىشكىنى ئېچىۋېتىپ، چېگرا رايون سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇشنى جاكارلاپ، ئىشكى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى دېڭىز بويى رايونلىرىدىن ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونلىرىغا كېڭەيتىشتە زور بىر قەدەم ئالغا باستى. سىرتقا ئېچىۋېتىلىدىغان كەسىپلەرنىڭ دائىرىسى تەدرىجىي كېڭىيىپ، پىششىقلىما سانائەتنى ئاساس قىلىشتىن پەيدىنپەي پۇل مۇئامىلىسى، سۇغۇرتا، سودا، بىناكارلىق، قاتناش-ترانسپورت، پوچتا-تېلېگراف، مەدەنىيەت، مائارىپ، داۋالاش-ساقلىقنى ساقلاش، تەنتەربىيە قاتارلىق ساھەلەرگە كېڭەيدى. ئېچىۋېتىش دەرىجىسى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ مەبلەغ سېلىشى، ئېكسپورت-ئىمپورتنى نورمىلىق باشقۇرۇش، تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش قاتارلىق ساھەلەردىكى تىزگىنلەش دەرىجىسى كۆپ تۆۋەنلىدى، چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ ئۆز پۇقرالىرىمىز قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىش دەرىجىسى، كارخانىلارنىڭ تاشقى سودا ئەركىنلىكى كۆپ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، خەلق پۇلى دائىملىق تۈرلەردە تېگىشكىلى بولىدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىندى.

تاشقى ئىقتىساد داۋاملىق تەرەققىي قىلدى. بەش يىلدىن بۇيان، مەملىكىتىمىز تېخىمۇ ئاكتىپ قىياپەتتە خەلقئارا ئىقتىساد سەھنىسىگە چوڭ قەدەم تاشلىدى، تاشقى سودا تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى، 1997-يىللىق ئېكسپورت-ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسى 325 مىليارد 100 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، 1992-يىلدىكىدىن 96.4% ئاشتى، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت ۋە رايونلارنى سودا بويىچە قاتارغا تىزغاندا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۆلىتىمىز ھازىر ئوتتۇرىدىن ئۈچىنچى ئورۇنغا ئۆتتى. مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، چەت ئەل مەبلەغ سالغۇچىلىرىنىڭ جۇڭگوغا مەبلەغ سېلىش قىزغىنلىقى داۋاملىق يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە، دۆلىتىمىز ئاسىيا رايونى بويىچە، ھەتتا دۇنيا بويىچە مەبلەغنى جەلپ قىلىدىغان بىر پارچە جەلىپكار زېمىن بولۇپ قالدى، دۆلىتىمىز ئەمەلىي پايدىلانغان تاشقى مەبلەغ كۆرۈنەرلىك ئۆستى، بەش يىلدا ئەمەلىي پايدىلانغان تاشقى مەبلەغ جەمئى 249 مىليارد 100 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئىچىدە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، نۆۋەتتە، مال ۋە مۇلازىمەت جەھەتتىكى ئېكسپورت-ئىمپورت سوممىسى دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن ئېشىپ كەتتى، ئەمەلىي پايدىلانغان تاشقى مەبلەغمۇ دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 7 پىرسەنتىگە توغرا كېلىدۇ، تاشقى ئىقتىسادنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى ئورنى ۋە رولى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. مەملىكىتىمىز تاشقى ئىقتىسادىنىڭ ئىزچىل تەرەققىي قىلىشى ئىقتىسادنىڭ يەر شارى بويىچە ئومۇملىشىش چوڭ يۈزلىنىشىگە ماسلاشتى، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ھاياتىي كۈچ قوشتى، شۇنداقلا پۈتۈن يەر شارىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ ئاكتىپ تۆھپە قوشتى. ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئېكسپورت قۇرۇلمىسىدا باشلانغۇچ مەھسۇلاتلارنىڭ ئېكسپورت نىسبىتى تۆۋەنلەپ، تەييار سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت نىسبىتى ئۆرلىدى. پايدىلانغان تاشقى مەبلەغ قۇرۇلمىسىدا، تاشقى مەبلەغنىڭ سۈپىتى ئۆستى. چەتتىن پۇل قەرز ئېلىش نىسبىتى كۆپ تۆۋەنلىدى، چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىش نىسبىتى ئۆرلىدى، ئوتتۇرا-كىچىك تىپتىكى تۈرلەرگە سېلىنىدىغان مەبلەغ ئازلاپ، كۆلىمى بىرقەدەر چوڭ بولغان تۈرلەر كۆپەيدى، تۈرلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كۆلىمى كېڭەيدى؛ قىسقا مۇددەتلىك شېرىكسىز مەبلەغ سېلىش تۈرلىرى ئازايدى، ئۇزۇن مۇددەتلىك مەبلەغ سېلىش تۈرلىرى كۆپەيدى؛ پىششىقلىما سانائەتكە سېلىنىدىغان مەبلەغ ئازلاپ، ئاساسىي مۇئەسسەسە، ئۇل كەسىپ ۋە ئۈچىنچى كەسىپكە سېلىنىدىغان مەبلەغ كۆپەيدى.

دۆلەتنىڭ تاشقى پېرېۋوت زاپىسى زور ھەجىمدە ئاشتى، مەملىكىتىمىزنىڭ خەلقئارادا پۇل تۆلەش ئىقتىدارىمۇ كۆرۈنەرلىك ئاشتى. ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دەرىجىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ ھەر تەرەپلىك، كۆپ قاتلاملىق، كەڭ ساھەلىك يېڭى قۇرۇلمىسى تەدرىجىي شەكىللەنمەكتە. مەملىكىتىمىزدە دائىملىق تۈرلەر ۋە كاپىتال تۈرلىرى بويىچە ئۇدا تۆت يىل "قوش ئاكتىپ بالانس" پەيدا بولدى، دۆلەتنىڭ تاشقى پېرېۋوت زاپىسى ئىزچىل زور ھەجىمدە ئېشىپ، 1997 -يىلىنىڭ ئاخىرىدا 139 مىليارد 900 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، بۇ 1992 -يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى-نىڭ 7.2 ھەسسىسىگە باراۋەر بولۇپ، دۇنيادا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. يېتەرلىك بولغان تاشقى پېرېۋوت

زاپىسى مەملىكەتىمىزنىڭ قەرزنى قايتۇرۇش ئىقتىدارىغا بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇرۇپ، كۆپ مىقداردىكى تاشقى مەبلەغنى جەلپ قىلىپ، خەلق پۇلى قىممىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ قېلىپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، خەلقئارالىق پۇل مۇئامىلە خەۋپ-خەتىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇپ، ئېلىمىز ئىقتىسادىنى 1997-يىلى بىر قىسىم ئاسىيا دۆلەتلىرىدە پۇل مۇئامىلە كرىزىسى ۋە ئىقتىسادىي كرىزىس پەيدا بولغاندىمۇ ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

## 4. خەلق تۇرمۇشى ھاللىق سەۋىيىگە قەدەم قويىدى

ئۆتكەن بەش يىل ئىقتىساد يۇقىرى سۈرئەتتە ئاشقان بەش يىل، شۇنداقلا خەلق تۇرمۇشى ھاللىق سەۋىيىگە قەدەم قويغان بەش يىل.

شەھەر-يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى روشەن ئۆستى. ئىقتىسادنىڭ تېز ئېشىشى شەھەر-يېزا ئاھالىلەر كىرىمىنىڭ ئېشىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەردى، ئەمگەكتىن ئالغان كىرىم يەنىلا شەھەر-يېزا ئاھالىلەر كىرىمىنىڭ ئېشىشىدىكى ئاساسلىق ئامىل بولۇپ تۇرماقتا، بۇ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك ئاساسىي پرىنسىپنى تولۇق ئىپادىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاھالىلەرنىڭ مال-مۈلۈكتىن كىرگەن كىرىمىنىڭ سالمىقى روشەن ئېشىپ، شەھەر-يېزا ئاھالىلەر كىرىمىنىڭ ئېشىشىدىكى بىر مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر كۆپەيگەن، بىر قىسىم ئاھالىلەرنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىق پەيدا بولغان ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرمۇ نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقتا قالغانلارنى قۇتقۇزۇش سالمىقىنى ئاشۇردى، يۇقىرى كىرىم تەدرىجىي ھالدا شەھەر-يېزا ئاھالىلەر كىرىمىنىڭ بىر مەنبەسىگە ئايلانماقتا. 1997-يىلى شەھەر-بازار ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئۆز ئىختىيارىدىكى كىرىمى 5160 يۈەنگە يېتىپ، بەش يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا %6 نەق ئاشتى؛ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمى 2090 يۈەن بولۇپ، بەش يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا %5.4 نەق ئاشتى. ئاھالىلەرنىڭ ئامانەت قويغان پۇلىنىڭ قالدۇقى 4 ترىليون 600 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ، بەش يىلدا نەق ئاشقىنى 3 ترىليون 500 مىليارد يۈەنگە يېقىن بولدى. ئاھالىلەرنىڭ قولىدا بار بولغان باشقا پۇل مۇئامىلە مۈلكىمۇ كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى.

شەھەر-يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئىستېمال سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. ئاھالىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشقا كېتىدىغان يېمەكلىك ئىستېمال چىقىمىنىڭ سالمىقى تۆۋەنلىدى، بەش يىلدا شەھەر-بازار ئاھالىلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئېنگىر كوئېففىتسېنتى 6.4% تۆۋەنلىدى، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئېنگىر كوئېففىتسېنتى 1.8% تۆۋەنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەھەر-يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىيىم-كېچەك ئىستېمالى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەييار كىيىمگە، ئالىي دەرىجىلىككە قاراپ يۈزلەندى؛ ھاۋا تەڭشىگۈچ، توڭلاتقۇ، بىرىكمە ياڭراتقۇ، مۇتىسكە-لىت قاتارلىقلارغا قىلىنغان ئىستېمال چىقىمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 25% تىن 168% كىچە ئاشتى؛ پىكاپ، سىنتارتقۇ، ئېلېكترونلۇق مىڭە قاتارلىقلار ئاھالىلەرنىڭ ئۆيىگە كىرىشكە باشلىدى. شەھەر-يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراق ئۆيى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، 1997-يىلى شەھەر-بازار ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئولتۇراق ئۆي كۆلىمى 1992-يىلدىكىدىن 1.5 كۋادرات مېتىر، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ بولسا 3.6 كۋادرات مېتىر ئاشتى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، شەھەر-يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى قوساق توق، كىيىم پۈتۈن بولۇشتىن ھاللىق سەۋىيىگە ئۆتۈشتە تۆتتىن ئۈچ قىسىم يولنى بېسىپ بولدى.

نامرات ئاھالىلەر يەنىمۇ ئازايدى، بىر قىسىم تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئاھالە ئائىلىسىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە بولدى. ئېلىمىز تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت، ئىجتىمائىي تارىخىي شارائىتلارنىڭ چەكلىمىلىكى تۈپەيلىدىن، خېلى زور بىر قىسىم ئاھالىلەر يەنىلا نامرات ھالەتتە تۇرماقتا. بۇ خىل ھادىسىگە قارىتا، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ئاكتىپ تەدبىر قوللاندى، بۇ مەزگىل ئىچىدە يەنە 30 مىليونغا يېقىن يېزا نامرات ئاھالىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، كىيىم پۈتۈن، قورساق توق بولۇشقا ۋە ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش يولىدا مۇستەھكەم قەدەم تاشلىدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بىر قىسىم تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە قارىتا «مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى»نى يولغا قويدى، ھەر تۈرلۈك ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمىنى بەرپا قىلدى، نۆۋەتتە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 372 شەھەردە ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى تۇرمۇش كاپالىتى تۈزۈمى بەرپا قىلىنىپ، بۇ بىر قىسىم ئاھالىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

بۇنىڭدىن سىرت، ئىجتىمائىي ئىشلار، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە، مۇھىت ئاسراش قاتارلىق ساھەلەردىمۇ يېڭى تەرەققىياتلار بولۇپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ماس ھالدا تەرەققىي قىلغان ۋەزىيەت مەيدانغا كەلدى.

## 5. مەسىلىلەر ۋە كەلگۈسىگە نەزەر

بەش يىلدىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە پارلاق نەتىجىلەر قولغا كەلدى. ئەلۋەتتە، ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدا بۇنداق ياكى ئۇنداق

مەسلىلەرمۇ بار، ئاساسلىقى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدىكى بازار ئىگىلىكىگە ماس كەلمەيدىغان ئامىللار يەنىلا ئاز ئەمەس، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ھەرىكەت مېخانىزمى تېخى تولۇق شەكىللەنمىدى؛ ئىقتىسادىي قۇرۇلما مۇۋاپىق ئەمەس، ئىقتىسادىي يۈكسىلىشنىڭ سۈپىتى يۇقىرى ئەمەس؛ ئىش ئورنىدىن قالغانلار كۆپىيىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى تەدرىجىي روشەنلەشمەكتە؛ پۇل مۇئامىلە خەۋپ-خەتىرى يەنىلا بىرقەدەر چوڭ؛ مۇھىت ئاسراش ۋەزىيىتى كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلاشماقتا، ۋەھاكازالار. بۇ مەسىلىلەرنىڭ بەزىلىرى كۆپ يىللاردىن بېرى يىغىلىپ قالغان، بەزىلىرى ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات داۋامىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەر بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ يۈكسەك ئېتىبارىنى قوزغىماقتا.

كەلگۈسىگە نەزەر سالغاندا، گەرچە بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر يەنىلا خېلى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما بىزنىڭ تولۇق ئىشەنچىمىز باركى، كەلگۈسى بىر مەزگىل ئىچىدە ئېلىمىز نۆۋەتتىكى ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى داۋاملىق ساقلاپ قالىدۇ. چۈنكى، پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيە-سى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشنى ئېنىق بېكىتىپ، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشاننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تەرەققىيات يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى؛ بىزدە يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بار؛ ئېلىمىزنىڭ 48 يىللىق بولۇپمۇ يېقىنقى 20 يىللىق تېز تەرەققىياتى ئارقىلىق، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن بىرقەدەر پۇختا بولغان ماددىي ئاساس سېلىپ بېرىلدى، ئۇنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈنمۇ زۆرۈر شەرتلەر ھازىرلاپ بېرىلدى؛ دۆلىتىمىز پۈتۈن دۇنيا ئاھالىسىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئىگەللەيدىغان ئاھالە بار بولغان، تەرەققىي قىلىۋاتقان چوڭ دۆلەت بولۇپ، غايەت زور يوشۇرۇن ئېھتىياج بار. بىز پەقەت يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، تۈرلۈك ئىسلاھات-ئېچىۋې-تىش ئىشلىرىنى تىرىشىپ چوڭقۇرلاشتۇرىدىغانلا بولساق، ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدا كۆرۈلگەن ھەر خىل زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىپ، ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدا يولۇققان بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، يېڭى مۆجىزىلەرنى داۋاملىق يارىتىپ، قاينام-تاشقىنلىق ئىچىدە بۈيۈك 21-ئەسىرگە چوقۇم قەدەم تاشلىيالايمىز!

**(ئاپتور: دۆلەتلىك ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: دولقۇن قادىر**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قانداق قىلغاندا پاي تۈزۈمىنى توغرا تونۇغىلى بولىدۇ؟

لى ئەيمىن

يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتايى دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلى كۆپ خىللاشتۇرۇلسا بولىدۇ، بەلكى كۆپ خىللاشتۇرۇلۇشى كېرەك، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈشكە ئىمكان بېرىدىغان رېئاللىشىش شەكلىنى تىرىشىپ تېپىش لازىم. پاي تۈزۈمىنىڭ خاراكتېرىنى، رولىنى ۋە يۈرۈشۈش ئالاھىدىلىكىنى توغرا تونۇش ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئۈنۈملۈك بولغان رېئاللىشىش شەكلىنى تېپىپ چىقىشقا پايدىلىق، پاي تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئاكتىپ يېتەكلەپ ۋە ئىلگىرى سۈرۈپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشقا پايدىلىق.

پاي تۈزۈمى—زامانىۋى كارخانىلارنىڭ بىر خىل كاپىتال توپلاش شەكلى، ئۇنىڭ تىپىك رېئاللىشىش شەكلى پاي شىركىتىدىن ئىبارەت. پاي شىركىتى دېگىنىمىز مەلۇم ساندىن يۇقىرى پايچىكلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان، تىزىمغا ئېلىنغان ئومۇمىي كاپىتال تەڭ قىممەتلىك پايلاردىن تەركىب تاپقان، ھەممە كاپىتال پاي چېكى تارقىتىش ئارقىلىق يىغىلغان، پايچىكلار ئۆزلىرى سېتىۋالغان پاي بىلەن شىركەت ئۈچۈن چەكلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان، شىركەت ئۆزىنىڭ بارلىق مال-مۈلۈكلىرى بىلەن شىركەتنىڭ قەرزى ئۈچۈن چەكلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان كارخانا تىپىدىكى قانۇنىي ئىگىنى كۆرسىتىدۇ. پاي تۈزۈمى پاي شىركىتى قاتارلىق كونكرېت رېئاللىشىش شەكلى ئارقىلىق، پاي قوشۇش يولى بىلەن ئوخشاش بولمىغان ئىگىدارلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئىلكىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنى مەركەزلەشتۈرىدۇ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىغا بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى ئىشلىتىش ھوقۇقىدىن ئايرىۋېتىدۇ، ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى ئۆزگەرمىگەن ئەھۋالدا تارقاق بولغان ئىشلىتىش ھوقۇقىنى مەركەزلەشكەن ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئايلاندۇرىدۇ، مەبلەغ سالغۇچىلار ئۆز قولىدا تۇتقان پاي سانىغا ئاساسەن مۇناسىپ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ، مۇناسىپ ھوقۇق ۋە مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ.

پاي تۈزۈمى — ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكنىڭ ۋە تاۋار ئىگىلىكى راۋاجلىنىپ مەلۇم سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى. ئۇ 15-ئەسىردە تاۋار ئىگىلىكى بىرقەدەر تەرەققىي تاپقان ئوتتۇرا دېڭىز ياقىسىدىكى شەھەرلەردە بارلىققا كەلگەن. ئۇ ئىگىلىكنى تارقاق باشقۇرۇشتىن كېلىدىغان خەۋپ-خەتەرنى تارقاقلاشتۇرۇۋېتىشكە، ئىشلەپچىقىرىش ۋە سودىنى كېڭەيتىشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن، تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە راۋاجلانغان. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسىنىڭ تېزدىن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە، كاپىتالنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى ۋە بازارلىشىشىنىڭ كۈندىن-كۈنگە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، پاي تۈزۈمىمۇ كۈندىن-كۈنگە مۇكەممەللىشىپ، زامانىۋى كارخانىنىڭ بىر خىل كاپىتال توپلاش شەكلى بولۇپ قالدى ۋە غەرب ئەللىرىدە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلدى. ئامېرىكىدا، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلار كارخانىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 21.1 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ سودا ئوبوروتى كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي سودا ئوبوروتىنىڭ 88.9 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەنگلىيىدە، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 51 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

زامانىۋى كارخانىلارنىڭ بىر خىل كاپىتال توپلاش شەكلى بولغان پاي تۈزۈمىنىڭ ئۆزى ئىجتىمائىي تۈزۈم خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئەمەس، ئۇنى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك بىلەن باراۋەر دېگىلى بولمايدۇ، ئۇنى بىۋاسىتە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك دېيىشكىمۇ بولمايدۇ. بۇنىڭدا مۇھىمى پاي چېكىنى تىزگىنلەش ھوقۇقىنىڭ كىمنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىگە قاراش كېرەك. ئەگەردە شەخسنىڭ قولىدا بولسا، پاي تۈزۈمى خۇسۇسىيلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ، خۇددى كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىكىدەك؛ ئەگەردە سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ۋە كوللېكتىپنىڭ قولىدا بولسا، ئۇ ھالدا پاي تۈزۈمى روشەن ھالدا ئومۇمىيلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ، ئۇ ئومۇمىي كاپىتالنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ۋە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك رولىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق بولۇپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ رېئاللىشىش شەكىللىرىنىڭ بىر خىلى ھېسابلىنىدۇ. پاي تۈزۈمى ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى بىلەن ئىشلىتىش ھوقۇقىنى ئۆزئارا ئايرىۋەتكەچكە، كارخانا ۋە كاپىتالنى باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرىدۇ، ئىجتىمائىيلاشقان ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىدۇ، ئۇ كاپىتالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلسىمۇ بولىدۇ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلسىمۇ بولىدۇ.

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش باشلانغاندىن بۇيان دۆلىتىمىزدە يولغا قويۇلغان پاي تۈزۈمىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ئىشى پاي تۈزۈمىنىڭ رولى ئىنتايىن روشەن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بىرىنچى، پاي تۈزۈمى تۈرلۈك ئىقتىسادىي تەركىبلەرنى ئۈنۈملۈك ھالدا بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ بىرلەشتۈرۈپ، تارقاق ئىجتىمائىي كاپىتالنى

تېزلىكتە مەركەزلەشتۈرۈپ، كەڭ كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش-ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە چوڭ تىپتىكى قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مەبلەغقە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەلىپىگە ماسلاشتى. ئىككىنچى، پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىنىڭ مېخانىزمى ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلارنىڭ ھەم ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمان بولۇشىغا، ھەم ئۇنۇملۇك چەكلىمىگە ئۇچرىشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى، دۆلەت كارخانىلىرىنى پاي تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش ۋە ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ئۈچۈن ئەينەك قىلىشقا بولىدىغان كارخانا تەشكىلىي شەكلى بىلەن تەمىن ئەتتى. ئۈچىنچى، پاي تۈزۈمى كۆپ مەنبەلەشكەن ئىجتىمائىي مەبلەغ سېلىش تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، مەبلەغ سېلىشنىن كېلىدىغان خەۋپنى دۆلەتنىڭ ئۈستىگە ئېلىشىنى جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ئۈستىگە ئېلىشىغا ئۆزگەرتتى، مەبلەغ سېلىش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ئۈچۈن بىرخىل ئۈلگە تىكلەپ بەردى. تۆتىنچى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ پاي تۈزۈمىدىكى كارخانىلارغا ئۆزگەرتىلىشى بىلەن، مۈلۈك ھوقۇقى مۇناسىۋىتى يەنىمۇ روشەنلەشتى، بۇ ھال كارخانىنىڭ مۈلۈك قىممىتىنى ساقلاش-ئاشۇرۇش مېخانىزمىنى يېتىلدۈرۈپ، ئىگىدارنىڭ، مەبلەغ سالغۇچىنىڭ، ھەقدارنىڭ ۋە كارخانىنىڭ قانۇنىي ھوقۇقىنى قوغداشقا پايدىلىق.

پاي تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ بولۇش، پۇختا بولۇش فاڭجېنى بويىچە ئىش قىلىش، شامال چىقارماسلىق، ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق لازىم. ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن ھەم پاي تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا لايىق بولغان كارخانىلارنى پاي تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش لازىم؛ شارائىتى ھازىرلانمىغان، پاي شىركىتى قىلىپ قۇرۇشقا لايىق بولمىغانلىرىنى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قىلىپ ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ، ھە دېسىلا پاي تۈزۈمىنى ئومۇملاشتۇرۇۋېتىدىغان ئىشنى قىلماسلىق لازىم. پاي تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى قېلىپلاشقان ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، پاي تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق كارخانىلارنى ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىپ، بازارغا يۈزلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. ئومۇمنىڭ مۈلكىنى قوغداش ۋە باشقۇرۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش، مۈلۈك باھالاشنى ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىش، مۈلۈك ھوقۇقىنى مۇۋاپىق بەلگىلەش، دۆلەت ۋە كوللېكتىپ مۈلكىنىڭ زىيانغا ئۇچراپ قېلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

**تەرجىمە قىلغۇچى: رىسالەت ئابلا**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

www.uyghurkitap.com

ISSN 1006-5857

9 771006 585006 06>

《求是文选》(维吾尔文版)国外代号:M5－V 刊号:ISSN1006－5857 / CN11－2498/D

邮发代号:2－373 定价:2.40元 邮政编码 100013